

# أُز

2017 ـ يىللىق 1 ـ سان    ئومۇمىي 1 ـ سان

Uygur Edebiyatı    Uyghur Literature    Уйғур Әдәбияти



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدىغان شائىر، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923 ـ يىلى ئىيۇلدا قۇمۇل شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىيات ساھەسىگە 1940 ـ يىللىرى شېئىر ئارقىلىق كىرگەن. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ «تاڭ شاماللىرى»، «ياخشى»، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق شېئىرلىرى، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىق داستانلىرى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىنقىلابلارنى يورۇتۇپ بەرگەن «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ھۆرمەتلىك ئەدىب 1995 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىدە 72 يېشىدا بىز بىلەن ۋىدالاشتى.

# ئىز

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

ياش ئىدۇق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.

ئاز ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.

قالدى ئىز چۆللەر ئارا گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشت-چۆللەردە قەۋرىسىز.

قەۋرىسىز قالدى دېمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل چېچەككە پۈركىنەر تاڭلا باھاردا قەۋرىمىز.

قالدى ئەل، قالدى مەنزىل، قالدى يىراقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھېچ كۆمۈلمەس ئىزىمىز.

توختىماس كارۋان يولىدىن، گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچ بولمىسا بۇ ئىزنى بىركۈن نەۋرىمىز يا چەۋرىمىز.



# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈرك مىللەتلىرىگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

### ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلارنى تەسۋىرلىگەن رەسىملەر، فوتو ـ سۈرەت، كارىكاتورلار(ھەجۋىي رەسىملەر)
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)

### ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر izjurnili@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) قاتارلىق ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەسەر ئەۋەتكەندە، ئەسەر مەزمۇنىدا ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

### ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل ـ يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالىغۇچى ھەيئەتنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

### ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر توم كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: ئىز ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

www.izjurnili.org

# ئىز ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал

Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal

www.izjurnili.org

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خاتىرىسىگە

تەرجىمھال ........ ئىچ مۇقاۋا
ئىز ........ ئىچ مۇقاۋا
ئۇچراشقاندا ........ 1
رۇبائىيلار ........ 1
قەرزىم بار ........ ماناپ قاسىم (قىرغىزىستان) 3

## باللارغا ئاتاپ

شوخ باللارغا ........ بۇغدا ئابدۇللا 10
قولۇمنى قويۇۋەتسەڭچۇ جېنىم دادا ........ پەرھات ئىلياس 11
قاغا بىلەن قارلىغاچ ........ زىرىدىن تۇرسۇن 33

## ھېكايىلەر باغچىسى

ئاقىللار كېڭىشى ........ دىلدار ئەزىز (ئامېرىكا) 4
قوش مەسچىت ........ مەمتىلى زۇنۇن 39
ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش ........ ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە) 4
ئەسلەش ........ نەسرىدىن داۋۇت (قىرغىزىستان) 4

## شېئىرىيەت گۈلزارى

دېھقان بولماق تەس ........ روزى سايىت 13
پال ........ دىلنۇر رەيھان (فرانسىيە) 16
ئۇ كېلىدۇ ........ خەندان 24
تۆت شېئىر ........ گۈلنارە ئابلىز (قازاقىستان) 25
سېنىڭ سۈرىتىڭ ........ ئەرەن (تۈركىيە) 26
شېئىرلار ........ سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان) 27
شەخسىيەتچىگە مەرسىيە ........ رائۇف پارفى (ئۆزبېكىستان) 29
مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
بىر ئېغىز سۆز ........ مۇھەممەد سىدىق نورۇز (قىرغىزىستان) 30
ئىنسان بىر يۇتۇم ........ نەجىپ فازىل كىسا كۈرەك (تۈركىيە) 30
تۈركچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
قوشاقلار ........ ئابدۇلجان ئازنىباقىئېۋ (قازاقىستان) 31
ئوغلۇمغا ........ خەرىيىنسا تۇردى (قىرغىزىستان) 31
ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدىن ........ فۇرقەت تەييارلىغان 32

**2017 ـ يىللىق 1 ـ سان**

ئومۇمىي 1 ـ سان

**ژۇرنال ساھىبى**

مۇرات ئورخۇن

**باش تەھرىرى**

مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەت خەندان

**تەھرىر ھەيئىتى**

ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقىرى (تۈركىيە)
ماھىرە مەخمۇت (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان)
ئايىكە تەۋپىق (تۈركىيە)
ئازاد روزى (تۈركىيە)
ئارزۇ غەمكۈز (گوللاندىيە)
لۇتپۇللا بىلىگ (تۈركىيە)

**خەتتات**

نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**

ئالىمجان ئىبراھىم

ئايرىلىش …… تەۋپىقە (تۈركىيە) 32
شېئىرلار …… مولوتجان توختاخۇنوۋ (قازاقىستان) 34
ئۈچ تىل …… بەدرى راھمى ئەيۈپئوغلۇ (تۈركىيە) 36
تۈركچىدىن مۇھەممەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
شېئىرلار …… ئابدۇلجان ئازنىباقىئېۋ (قازاقىستان) 44
18 ـ سونېت …… ۋىليام شېكىسپىر (ئەنگلىيە) 52
ئىنگلىزچىدىن خەندان تەرجىمىسى
يۈرتىمىزنىڭ …… مەھمۇد دەرۋىش (پەلەستىن) 52
ئەرەپچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ تەرجىمىسى
ئۆلۈم …… كەتلىن كالدىما (ئىستونىيە) 54
ئىنگلىزچىدىن خەندان تەرجىمىسى
جۆپ ئات …… ئابدۇللا توقاي (تاتارىستان) 55
فەرۇق تاران ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
شېئىرلار …… ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە) 59
يەكشەنبە كۈنى …… نىزار قەببانىي (سۈرىيە) 60
تۈركچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
بۇ ۋەتەن كىمنىڭ …… ئورخان شايىق گۆكياي (تۈركىيە) 61
تۈركچىدىن ئەفۋان ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
بىر قارا بوران …… ئاتائول بەھرام ئوغلى (تۈركىيە) 61
تۈركچىدىن ئەفۋان ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن …… گ.مېند.ئوئويو (موڭغۇلىيە) 62
ئىنگلىزچىدىن زىننۇرە تەرجىمىسى

## بىلىم ۋە تەتقىقات

مايا بۆشۈكىدە كۆرگەنلىرىم …… مۇستافا ئاكسۇ (ئامېرىكا) 17
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى …… مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 46
بۇ سان ژۇرنالدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى …… مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 71

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

قازاقىستان «ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى» ھەققىدە …… 68
كىتاپ تونۇشتۇرۇش: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى …… 70

## ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن

تالمۇد، سوقرات ۋە موردىدىن چىققان ئىككى كىشى …… نازۇگۇل قۇتلۇق تەييارلىغان 12
ئىككى چۆچەك …… دىلرابا روزىيېۋا (قازاقىستان) تەييارلىغان 37
يۇمۇرلار …… مۇرات ئورخۇن تەييارلىغان 51
ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە سېلىشتۇرما ماقال ـ تەمسىللەر …… مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 57
ئۆزبېكچە ماقال ـ تەمسىللەردىن ئارىيەلەر …… مۇرات ئورخۇن تەييارلىغان 63

مۇقاۋىدا: قازاقىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام ۋېنرا ۋاجىتوۋا سىزغان رەسىم - ئۇيغۇر قىزى

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۉرنى ئەسلەپ

## ئۇچراشقاندا

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۉڭ سۇلتانىنى،
دېدىم سۇلتانىمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.
كۆزلىرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنىلىق،
دېدىم چولپانىمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق

دېدىم ئىسمىڭ نىمە؟ دېدى ئايخاندۇر،
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر.
دېدىم باشىڭدىكى؟ دېدى ھىجراندۇر،
دېدىم ھەيرانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم ئايغا ئوخشار، دېدى يۉزۉممۇ؟
دېدىم يۉلتۉز كەبى، دېدى كۆزۉممۇ؟
دېدىم يالقۇن چاچار، دېدى سۆزۉممۇ؟
دېدىم ۋولقانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم قىياق نەدۇر؟ دېدى قاشىمدۇر،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر،
دېدىم ئۇن بەش نەدۇر؟ دېدى ياشىمدۇر،
دېدىم جانانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم دېڭىز نەدۇر؟ دېدى قەلبىمدۇر،
دېدىم رەنا نەدۇر؟ دېدى لېۋىمدۇر.
دېدىم شېكەر نەدۇر؟ دېدى تېلىمدۇر،
دېدىم بىر ئاغزىمە؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم زەنجىر تۇرار، دېدى بوينۇمدا،
دېدىم ئۆلۉم باردۇر، دېدى يولۇمدا.
دېدىم بىلەزۉكچۇ؟ دېدى قولۇمدا،
دېدىم قۇرقارمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم نىچۉن قورقماسسەن؟ دېدى تەڭرىم بار،
دېدىم يەنىچۇ؟ دېدى خەلقىم بار.
دېدىم يەنە يوقمۇ؟ دېدى روھىم بار،
دېدىم شۉكرانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

دېدىم ئىستەك نەدۇر؟ دېدى گۉلۉمدۇر
دېدىم چىلىشماققا؟ دېدى يولۇمدۇر.
دىدىم ئۆتكۉر نىمەڭدۇر؟ دېدى قۇلۇمدۇر،
دېدىم ساتارمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ـ ياق.

## رۇبائىيلار

شېئىر يازماق ئاسان،ھەق سۆزلىمەك تەس،
شائىرغا ھېرىس تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە ئاۋۋال سەن ئۆزۉڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

※ ※ ※

ئەجەب بىر گۆش ئىكەن بۇ يۉرەك دېگەن،
ھەر تەندە ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابى،
ئىلغىدا ئېسقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

※ ※ ※

ئۆتنە يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش،
بىلمنى ئۆتنىگە ئالماقلىق خار ئىش.
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېمەك
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ھار ئىش

※ ※ ※

يالغانچىنىڭ تىلى چېچەكسىز پىلەك،
چېچەكسىز پىلەكتە نە قىلسۇن خەمەك.
ئۇزارغانسېرى ئۆز ئىگىسىنى
بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

※ ※ ※

ئاسمانغا نەزەر سال يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى دوستۇم يېتەر ھەممىگە،
ئادەمگە ياراشماس سۆڭەك تالاشماق

※ ※ ※

ئەل ئۇچۇن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياھقا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ، چېكەرسەن ئەلەم.

※ ※ ※

شۆھرەت كەمرىگە ئۇزاتقۇچە قول،
ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئارغامچىسى بول.
تاجدارلارنىڭ تاجىسىنىڭ كۆزى بولغۇچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

بىلمەكتىن مۇراد، نام ـ شۆھرەت ئەمەستۇر.
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

سايلام بىلەن كىشى تۆرگە چىققان بار،
دۆلەت قۇشى قونسا ئەمەل تۇتقان بار.
ۋە لېكىن ئالىملىق مەرتىۋىسىنى
رىيازەت چەكمەستىن قاچان تاپقان بار؟

※ ※ ※

تۇغۇلغاندا تەڭ ئىدۇق تەڭرى ئالدىدا،
ۋە لېكىن تەڭ ئەمەس دەۋر ئالدىدا.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
تەڭ بولىمىز ئاخىرى يەنە قەبرە ئالدىدا.

※ ※ ※

مەجنۇنتال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تازىم.
سۇت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا،
بۈرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم.

※ ※ ※

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زۆھرەسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.
مىنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق قەلبىمگە،
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

※ ※ ※

چىۋىنىڭ قانتى ئايىنى ياپالماس،
چۈمۈلە ھارۋىنى يولدىن توسالماس.
ئالقانچە يەردىكى قۇياش نۇرىنى،
مىڭ ھارۋا توپىمۇ ھەرگىز كۆمەلمەس.

※ ※ ※

شادلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،
مۇلدۇرگە باھارۇ-كۈز بىردەك ئىمىش.
ئۇتتۇقتا يوق دېمە ئوگۇشسىزلىقنى،
كىشىلىك ھاياتى شۇ دېمەك ئىمىش.

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ كېسەكتۇر كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ تېزەكلەر ئېشەك،
كۆرۈمسىز شۇ پىلە قۇرۇتىغا باق،
يەپ ئاددىي يوپۇرماق بېرىدۇ يىپەك.

※ ※ ※

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادە رەشىك ـ ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسرىقىمۇ ئاران سىغىدۇ.

※ ※ ※

سۇۋادان تېرەككە تاش ئاتماس كىشى ،
سەۋەب شۇكى يوقتۇر ئۇنىڭ يېمىشى.
يېمىشلىك دەرەخكە تەگكەچ كۆپ تاياق ،
ھەمىشە يېرىقلىق تۇرىدۇ بېشى .

ياشلىق ھەر كىشىنىڭ گۈلىستان بېغى،
ھەر تاڭدا بۇلبۇلنىڭ ناۋاكەش چېغى.
بىر قاچا سۈت بولسا بۇ ئۆمۈر دېگەن،
ياشلىقىڭ شۇ سۈتنىڭ قايمىقى، يېغى.

※ ※ ※

دۇئا قىلسا ھەر ۋاخ مۆمىن مۇسۇلمان،
تىلەيدۇ دوزاختىن بولماقنى ئامان.
ۋە لېكىن دوزاخنىڭ ئۆزى ئېيتارمىش،
«مەن ئۆزۈم قورقىمەن ناداندىن يامان».

※ ※ ※

گەر نادان ئۆگەتسە ساڭا ئەقىل ـ دانىش
كۈلۈپ قويغىن ئاڭا سەن قىلما كايىش.
ئىشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭراپ تاشلىشى،
ئاتوم دەۋرىدىمۇ ،تۇرمۇشتا بار ئىش.

## قەرزىم بار*

(ئا. ئۆتكۈرگە ئاتاپ)

ماناپ قاسىم (قىرغىزىستان)

(1932—2009)

سەن يۈرىسەن ئۆز يۇرتىڭدا تەنتىرەپ،
مەن يۈرىمەن ئۆزگە يۇرتتا تەنتىرەپ.
ھەر ئىككىمىز بىر قوساقتىن ئېدىققۇ!
تەغدىر ئەجەپ ئايرىۋەتتى ھەر تەرەپ.

ساقى، قۇيغۇن شارابىڭنى دەردىم بار؟
ئەسىرلەرگە داۋايىم بار، دەستىم بار.
بىزنى شۇنچە ۋەيران قىلغان، خار قىلغان،
زامانلارنىڭ قانۇنىدا قەستىم بار.

شاراپ ئىچەي ژۈرەك تولۇپ قانغۇچە،
ئىچىم تولغان پۇغان، ھەسرەت ئەزىزىم بار.
مېنى بېقىپ، تەربىيەلەپ چوڭ قىلغان،
ئەل ئالدىدا ئۆتەلمىگەن قەرزىم بار،

ۋۇجۇدۇم جۇش ئۇرۇپ قايىنايدۇ قېنىم،
كۈرەشكە ئۈندەيدۇ بىر ئالىي ئىستەك.
قەپەزنىڭ ئىچىدە تىترەيدۇ تېنىم،
قىساس ئوتى بىلەن ياتىدۇ ژۈرەك!!!
1986 — ژىلى، بىشكېك

* «قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.



# ئاقىللار كېڭىشى*

دىلدار ئەزىز (ئامېرىكا)

— ئەپەندىلەر، ـ قېنى ئالىم ئەپەندىلەر، كەڭ كۆشادە پىكىر بايان قىلىشايلى. تۇخۇمنى قانداق يېيىش» توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىز هازىر باشلاندى. دېدى يىغىن رەئىسى گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ

— توختاڭلا، توختاپ تۇرۇڭلا تەتقىقاتچى ئەپەندىلەر،— دېدى ئىشىككە ئۇرۇلغىنىچە ئالدىراش تالادىن كىرىۋاتقان باقايوف. ئاندىن ئۇ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان سومكىسىنى شىرە ئۈستىگە قويىدى- دە، تۆش يانچۇقىدىن تومۇر تاغىقىنى چىقىرىپ تاقىر بېشىدىكى خۇددى شورلاڭدا يىگىلەپ قالغان كۆچەتتەك نەچچە تاللا چېچىنى بەخىرامان تاراپ چىققاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەڭ يېڭى بازار ئۇچۇر مەلۇماتىدىن خەۋەر تېپىشىمىزچە، بۇ يىل بىزدە تۇخۇمدىن مول هوسۇل ئېلىنىپتۇ. نەچچە يۈز مىليون تونىنا تۇخۇم ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشتىيىنى ساقلاپ تۇرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇگۇن تۇخۇمنى قانداق يېيىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن بۇرۇن، تۇخۇمنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئىستېمالچىلارغا بىلدۈرمىسەك بولمايدۇ. شۇ قاتاردا ئۆزىمىزنىڭمۇ بۇ هەقتىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرىۋېلىشىمىز كېرەك . چۈنكى بىز خەلقىمىزنىڭ نېمىنى قانداق ئىستېمال قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇهىم ئورگان.

— شۇنداق، ـ دېدى قېرىلىق يېتىپ، يۈزلىرى خۇددى شاپتۇل قېقىدەك قورۇلۇپ كەتكەن، ئېڭەكلىرى ۋە گەدەن گۆشلىرى قاتلاشقان يىغىن رەئىسى قېلىن ، گۆشلۈك كالپۇكىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ،— باقىيوف توغرا ئېيتىدۇ. ئەمسە ئالدى بىلەن بىز شۇنى مۇهاكىمە قىلايلى.— ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تازا كېرىلىپ بىرنى ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويدى.

— تۇخۇم ئەسلىدە،— دەپ سۆزىنى باشلىدى يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆز ئەينەك تاقاپ، قويۇق، پارقىراق ئاق چاچلىرىنى ئارقىسىغا چىرايلىق ياتقۇزۇپ تارىۋالغان ئالىم سۈپەت كىشى،— بىر تەرىپى ئۇچلۇقراق، يەنە بىر تەرىپى ياپىلاقراق كەلگەن،

---

* ئاپتورنىڭ 1991 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ۋىجدان تارازىسى ئالدىدا» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى

سوقا تاشقىمۇ ئوخشاپراق كېتىدىغان نەرسە،— ئۇ سۆزلەۋېتىپ چەتئەل رەسساملىرى سىزغان تۇخۇمنىڭ رەسىمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى ـ دە، شىرە ئۈستىگە ئالدىن تەييارلىۋالغان قېلىن بىر كىتابنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.— ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلارغا پۈتۈپ قويغىنىغا ئاساسلانغاندا، تۇخۇم بىزنىڭ بۇ يۇرتتىن ئەڭ كۆپ چىقىدىكەن.— ئۇ چەتئەللىك سىزغان ھېلىقى رەسىمنى يەنە بىر قېتىم ئېگىز كۆتۈردى.— ئۇلار بۇنداق تۇخۇملارنى پايىنەكتىن ئۇرۇپ چېقىپ يېگەن ئىكەن...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس،— دەپ ۋارقىرىدى كۆزلىرى يوغان كەلگەن، شاپ بۇرۇتلۇق، شىلەپە كىيىۋالغان بىر كىشى بايىقى ئالىم سۆيەت كىشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتكەن ھالدا،— تۇخۇم ھېچقاچان سوقا تاشقا ئوخشىغان ئەمەس، تۇخۇمنى پايىنەكتىن چېقىپ يېگەنلىكى سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلارنىڭ دۆتلىكىدىن بولغاندۇ بەلكىم.— ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكـۈرۈك ماغزاپلىرىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋەتتى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.— تۇخۇم ئەزەلدىن يۇمىلاق بولۇپ كەلگەن، بىزنىڭ يۇرتتا ئۇنى ئۇچ تەرەپتىن چېقىپ يەيدۇ.ـ ئۇ سۆزلەۋېتىپ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى قىزىل سىرلانغان پولغا تاشلىدى ـ دە، ئارقىدىن ئاچچىق بىلەن كۈچەپ دەسسىدى.

ـ بۇمۇ توغرا ئەمەس، ـ دەپ ۋارقىراپ كەتتى كۆك كۆز، ئاق سېرىق، ئورۇق، قاڭشارلىق كەلگەن 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ھاياجانلانغان ھالدا، مەن تۇغۇلۇپ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە تۇخۇمنى پايىنەكتىن ياكى ئۇچ تەرەپتىن چېقىپ يېگىنىنى كۆرمىگەن.ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ دەۋرىدە تۇخۇم نەشپۈتكە ئوخشايتتى. رەھمەتلىك چوڭ دادام تۇخۇمنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چېقىپ يەيتتى.ـئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئىسەدىگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى ـ دە، پاكىز يۇيۇلۇپ چىرايلىق قاتلانغان قول ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ۋە بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، بوغۇق ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— مېنىڭچە، مېنىڭچە بىزمۇ تۇخۇمنى شۇلارغا ئوخشاش ئوتتۇرىسىدىن چېقىپ يېيىشىمىز كېرەك.

يىغىن ئەھلى بۇ ھېسسىياتچان ئالىم كىشىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ، بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى.

— خانىملار، ئەپەندىلەر،— كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قايتىدىن ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرمەكچى بولدى باقىيوف.— ئادەمنىڭ باللىق چاغلىرىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى كىشىنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايدىكەن، ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن كىچىكىمدە مەھەللىمىزدىكى داۋۇت توخۇچىدىن توخۇنىڭ تۇخۇمنى قانداق تۇغىدىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانمەن. ئۇ ھەتتا خورازنىڭمۇ تۇخۇم تۇغقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن، دەڭلا. خوراز تۇغۇت ئازابىدا بەك قىينىلىپ كېتىپ، ھەتتاكى كۈپكۈندۈزدە چىللاپ تاشلىغانمىش، ئاخىرى ئۇ ئېرىقتىكى ئېچىۋاتقان سۇغا تۇغۇۋېتىپتۇ...

— ھا ـ ھا ـ ھا...

ھي ـ ھي ـ ھي...

قىھ ـ قىھ ـ قىھ...

— كۆپچىلىك دىققەت، كۆپچىلىك دىققەت!— باقىيوف ۋارقىراپ يۈرۈپ كۆپچىلىكنى كۈلكىدىن توختاتتى.— ھېلىقى خوراز قانداق تۇخۇم تۇغۇپتۇ، دېمەمسىلە، ئۇ كىچىككىنە، شاكىلى يوق يۇمشاق تۇخۇمدىن بىرنى تۇغۇۋېتىپتۇ. ۋاھ ھېلىقى تۇخۇمنىڭ ئوماقلىقىنى...

— كېيىنچۇ؟ كېيىن قانداق بوپتۇ؟— سورىدى ئۈيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ يىغىن رەئىسى. ئۇنىڭ تۇخۇمدىنمۇ، قىزغىن دەتالاشقا چۈشكەن بۇ ئالىملاردىنمۇ ئاللىقاچان رايى قايتقان ئىدى.

— قانداق بولاتتى، شۇ چاغدىكى ئالىملار ھېلىقى تۇخۇمنى قانداق يېيىشنى ۋە ئۇنىڭ شاكىلىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ، ئاقىلانە يەكۈن چىقارمىغانلىقى ئۈچۈن، رەھمەتلىك تۇخۇم تاكى چىرىپ تۈگىگىچە داۋۇت توخۇچى ئۇنى تەكچە ئۈستىدە قويۇپ ساقلاپتۇ.ـ ئۇ سۆزلەۋېتىپ قول ياغلىقى بىلەن بۇرنىنى كۈچەپ سۈرتتى. ئۇنىڭ

بۇرنىدىن چىققان يېقىمسىز ئاۋاز ئەتراپتىكىلەرنى ئىختىيارسىز سەسكەندۈرۈۋەتتى.

— ئەپەندىلەر،— دېدى يىغىن رەئىسى باشقىدىن روھلىنىپ،— باقايوف ئەپەندىنىڭ سۆزى بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈردىكى، تۇخۇمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قانداق يېيىش توغرىسىدىكى تەتقىقات ناھايىتى مۇھىم. بۇ بىزنىڭ... ياق، ياق، تۇخۇمنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ. كەلگۈسىدە بىزنىڭ پەن تېخنىكىمىز تەرەققىي قىلىپ، ھەممە خورازلار تۇخۇم تۇغىدىغان بولىدۇ، ئاڭلىسام فىرمىلاردا مېكىيانلار خورازسىز تۇخۇم تۇغۇۋېتىپتۇ. دېمەكچىمەنكى، خوراز بولمىسىمۇ مېكىيانلار تۇخۇم تۇغۇۋېرىدىكەن، ئەگەر خورازلارنىڭ ھەممىسى باقىيوف كۆرگەندەك تۇخۇم تۇغىدىغان بولۇپ يېتىشتۈرۈلمىسە، ئۇ چاغدا خورازلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خورازلارنىمۇ تۇخۇم تۇغىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

II

— تامامەن توغرا،— دەپ ئاغزىنى چاكىلداتتى ھېلىقى بۇرۇتلۇق چوقۇر ئادەم،— خورازلار تۇخۇم تۇغىدىغان بولغان چاغدا، مېكىيانلار يەنە ھازىرقىدەك ھەر قېتىم بىر تال تۇخۇم تۇغقىنى ئۈچۈن سائەتلەپ قاقىلدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز بارلىق مېكىيانلارنى پىشۇرۇپ يەۋېتىمىز. ئۇنداق قىلمىساق مېكىيانلار ھەددىدىن ئېشىپ، بىر خورازنىڭ ئارقىسىغا بىر نەچچە مېكىيان كىرىۋالىدۇ ـ دە، بىزنىڭ خورازلىرىمىزنىڭ خاتىرجەم تۇخۇم تۇغۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

— تامامەن توغرا،— ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ھېلىقى ئاق سېرىك، قاڭشارلىق كەلگەن ئالىم سۈپەت كىشى،— دېمىسىمۇ مكيانلارنى قاتتىق باشقۇرماي بولمايدۇ.

— يولداشلار، يولداشلار!— ئېغىزىدىن شاللىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى باقىيوف، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ كېتىپ.— تۇخۇم توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا، ئىنتايىن مۇھىم ھەم خەتەرلىك بىر نۇقتىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن، بىر يىلى مېنىڭ بىر قوشنام تۇخۇم يېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ  سېرىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ قانداق تۇخۇمدىن يەپتىكەن، دېمەمسىلە؟ ئىچىدە يوغان سېرىقى بار تۇخۇمدىن يېگەن ئىكەن، رەھمەتلىك قوشنام شۇ چاغدا پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئىچىدە سېرىقى بار تۇخۇمنى ھەرگىز يېمەسلىك ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىكەن.

— بىراق ھەممە تۇخۇمنىڭ ئىچىدە سېرىقى بار تۇرسا؟— دېدى بۇنىڭدىن كېيىن تۇخۇم يېيەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھېلىقى شاپ بۇرۇتلۇق چوقۇر كىشى.

— ھازىرقى مەسىلە دەل تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى شۇ سېرىقىدا

— بىز تۇخۇمنىڭ دەل شۇ كېسەللىك تارقىتىدىغان يېرىقلىرىنى ئېلىۋېتىپ يېيىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.— دېدى باقىيوف كەسكىن ھالدا خۇلاسە چىقىرىپ.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، دېدى ھېلىقى ئاق سېرىق كەلگەن ئالىم سۈپەت كىشى.— دادام رەھمەتلىك ماڭا «ئوغلۇم، سىز تۇخۇم يېگەندە، چوقۇم ئالدى بىلەن تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى يەڭ» دەپ تەلىم بەرگەن. ئەگەر تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى ئېلىۋەتسەك مەن نېمە يەيمەن ؟

— ئېقىنى يەرسىز ئەپەندىم،— دېدى باقىيوف خاتىرجەم ھالدا.— تۇخۇمنىڭ ئېقىنى تازا پىشۇرسىڭىز چەمدەك مەزمۇت بولىدۇ. ئۇنى يېسىڭىز قورسىقىڭىز ئالدىراپ ئاچمايدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، راسا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنىڭ ئېقىنى يەرگە كۆمگەندە، ئۇنى ئۈچ يىل شۇ پېتى ساقلىغىلى بولارمىش.

— مەن ئۇ ئاقلارنى ئاشقازىنىمدا ئۈچ يىل ساقلاپ نېمە قىلىمەن؟ رەھمەتلىك دادام ماڭا ھېچقاچان ئۇنداق دېمىگەن تۇرسا.

— ئەمسە،— دەپ كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلىدى يىغىن رەئىسى،— تۇخۇمنى سېرىقى بىلەن قوشۇپ يېيىشكە بولىدىغان، بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشايلى.

— تۇخۇم ئەسلىدە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك تاقىۋالغان، قويۇق ئاق چاچلىرىنى ئارقىسىغا ياتقۇزۇپ تارىۋالغان ھېلىقى ئالىم سۆيەت كىشى. — شاكىلى، ئېقى ۋە سېرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەركىبتىن ھاسىل بولغان مەۋجۇدىيەتتۇر. ئۇنىڭ شاكىلى قاتتىق بولۇپ، تۇخۇمنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، ئېقى مول ئاقسىل ماددىسىغا ئىگە. سېرىقىدا كۆپلىگەن «ۋىتامىن س» ماددىلىرى بولۇپ، قان كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

— توختاپ تۇرۇڭ ئەپەندىم، — دېدى باقىيوف گېپىنى قىرغان ھالدا. — بىزنىڭ تەتقىقات سۇرئىتىمىز بەك تېز ئىلگىرىلەپ كەتتىمۇ ـ قانداق؟ بىز تېخى تۇخۇمنىڭ شەكلىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇنى قايسى تەرەپتىن چېقىپ يېيىش كېرەكلىكى ھەققىدە تېخى تۈزۈكرەك بىر قارارغا كېلىۋالماي تۇرۇپ، بىر سەكرەپلا تۇخۇمنىڭ ئېقى ۋە سېرىقىغا ئۆتۈپ كەتسەك، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ تۇخۇم توغرىسىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتىمىز ئۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن چىقىشالمايدۇ. بىز مەسىلىنى بىردىن ـ بىردىن تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك .

— باقىيوف توغرا ئېيتىدۇ. ئەمىسە، ھە... بىز شۇنداق قىلايلى. — دېدى يىغىن رەئىسى يەنە بىر قېتىم ئەسنىۋالغاندىن كېيىن يوغان، قېلىن لەۋلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن مىدىرلىتىپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە تۇخۇمنى يەنىلا يۇمىلاق، دېگەن تۈزۈك، — دېدى ھېلىقى شاپ بۇرۇتلۇق چوقۇر كىشى قايتىدىن روھلىنىپ، — چۈنكى مەن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە يۇمىلاق، ئاپئاق تۇخۇمنىلا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز نېمە ئۈچۈن تۇخۇمنى «يۇمىلاق شەكىلدىكى ئاق نەرسە» دېمەيدىكەنمىز؟

III

— ئەپەندىم، سىز قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەۋاتىسىز، — دېدى ھېلىقى ئاچ سېرىق، قاڭشارلىق كەلگەن ئالىم ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا. — تۇخۇم قانداقمۇ ئاق ھەم يۇمۇلاق كېلىدۇ؟ تۇخۇم دېگەن ئامۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قىزغۇچ كېلىدۇ.

— يالغان سۆزلەۋاتقىنى ئۆزىڭىز، دېدى بۇرۇتلۇق چوقۇر تەتقىقاتچىمۇ بوش كەلمەي، — مەن ئۆمرۈمدە ھېچقاچان ئامۇتقا ئوخشايدىغان قىزىل رەڭلىك تۇخۇملارنى كۆرمىگەن.

— يالغانچى!

— كاززاپ!

مەجلىس ئەھلى بىردىنلا «قارشى تۇرغۇچىلار» ۋە «قوللىغۇچىلار» بولۇپ ئىككىگە بولۇندى. مەجلىسخانىدا دەسلەۋدە قەلەم كىتاپلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاياغ، كالاچلار ئۇياقتىن بۇ ياققا ئۇچۇشۇشقا باشلىدى. يىغىن ئىنتىزامى ئاللىبۇرۇن بۇزۇلغان ئىدى.

مەن بۇ تەتقىقەت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقانلار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىگى بولغاچقا، مۇشۇ چاققىچە ئەدەپ ساقلاپ جىم ئولتۇرغان ئىدىم. مانا ئەمدى تاقىتىم چېكىگە يەتتىمۇ قانداق، ئەدەپنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ سۆزلەپ تاشلىدىم:

— ئۇستازلار، ئەپەندىلەر، ئۆزەڭلەرنى سەل ـ پەل بېسىۋالساڭلار، — دىدىم مەن يۈرىگىمنى قاپتەك قىلىپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە سىلەرنىڭ يۇقىرىقى دەتالىشىشىڭلار ئانچە ئەھمىيەتلىك بولمىدى. تۇخۇمنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم بولمىغاندەك، ئۇنى قايسى تەرەپتىن چېقىپ يېيىشمۇ ھېچقانداق مۇھىم مەسىلە ئەمەس. چۈنكى تۇخۇمنى بىز قايسىلا تەرەپتىن چېقىپ يېمەيلى، ئۇ بەربىر بىزگە پايدا قىلىۋېرىدۇ. مۇھىمى ئەنە شۇ نەچچە يۈز مىليون تونىنا تۇخۇمنى...

مېنىڭ سۆزۈم تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئالدى بىلەن يىغىن رەئىسىنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئالىملارنىڭ غەزەپلىك ئالىيىشلىرى ماڭا مەركەزلەشتى. قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن يوغان بىر قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاپ ئۇدۇل كېلىپ بېشىمغا تەگدى. مەن سۆزۈمنى دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدىم.

— مەن... مەن دېمەكچىمەنكى، ئاشۇ تۇخۇملارنى...

— ئۇ ئالجىپتۇ، — دىدى ھېلىقى شاپ بۇرۇتلۇق چوقۇر يۈزلۈك كىشى.

— بۇ دانالار كېڭىشىگە قانداقسىگە بۇ نىيرۇسىدىن ئايرىلغان ئەبلەخنى تەكلىپ قىلغاندىمىز ـ ھە! —

دېدى ھېلىقى ئاق سېرىق، كۆك كۆزلۈك كەلگەن تەتقىقاتچى پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— توغرى دەيسىز. ھەيدەڭلار بۇنى، يىغىنىمىز ساراڭلارنىڭ قالايمىقان جۆيلۈشلىرىگە يول قويماسلىقى كېرەك.— دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ ھېلىقى شاپ بۇرۇتلۇق چوقۇر كىشى. مانا ئەمدى دىققەت ماڭا مەركەزلەشكەندە، ئۇلار سەل بۇرۇن بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئۆز- ئارا كەسكىن قارشىلىششىنى ئۇنتۇشقاندەك ئىدى.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا قارىدىم-دە، ھەيران قالدىم. تۇۋا، مەندىن باشقا يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى نېمىشقىدۇر كۆزلىرىگە يۇقىرى گرادۇسلۇق رەڭلىك كۆز ئەينەك تاقىشىۋالغان ئىكەنغۇ! مەن بۇ كۆزلەرگە سەپسېلىپ قارىدىم، ئەشۇ ئەينەكنىڭ ئىچىدىكى بېلىقنىڭ كۆزىدەك پولتىيىپ چىققان دۈگىلەك كۆزلەر شۇنچە خامۇش، شۇنچە نۇرسىز ئىدىكى، ئۇلارنى «كۆز» دېگەندىن كۆرە «ئەينەك پارچىسى» دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى.

شۇ ئارىدا يىغىن رەئىسىنىڭ كەسكىن ئاۋازى ئاڭلاندى:

IV

— ئەپەندىم، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، يىغىنىمىز نېرۋىسى بۇزۇلغانلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولالمايدۇ. سىز ئىززىتىڭىز بىلەن بۇ جايدىن ئاستا كېتىۋېلىڭ -دە،نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا بېرىڭ.— يىغىن رەئىسى ماڭا گەپ پەس ئاۋازدا قىلغۇاتاتتى.

— ئەسلىدە،... ئەسلى مەن... سىلە...- مەن ھودۇقۇش ئىچىدە گېپىمنى دەپ بولغۇچە مەيدەمدىن ئىتتىرىلگىنىمچە يىغىن مەيدانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدىم.

زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى ماڭا «نېرۋا كېسەل» دېگەن «شەرەپلىك نام»نى تەقدىم قىلغان ئىكەن، مەن ئەلۋەتتە دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزۈمنى تەكشۈرتۈشۈم كېرەك ئىدى. ئەگەر مەندە راستىنلا كېسەللىك ئالامەتلىرى بولمىغان بولسا، بۇ ئالىملىرىمىز ھەرگىزمۇ مېنى يىغىن مەيدانىدىن قوغلاپ چىقارمىغان بولاتتى-دە! مەن شۇ تاپتا ئۆز-ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىۋاتاتتىم.

مەن دوختۇرخانىغا كەلدىم. تۇۋا، بۇنى قانداقمۇ دوختۇرخانا دېگىلى بولسۇن؟! بۇ يەردىكى كېسەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ،كۆزلىرىنى پولتايتىشىپ، پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر-بىرلىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتاتتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن بىر-بىرلىرىنىڭ يۈزلىرىنى، بەدەنلىرىنى تاتىلىشىپ زىدە قىلىشاتتى. ھەتتا بىر قىسىم ئاق خالاتلىق دوختۇر ۋە سېستىرالارمۇ كېتىۋېتىپ خالىغان بىرلىرىگە ئۇزۇن تىرناقلىرىنى پاتۇرۇۋالاتتى. تۇۋا، نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ-ھە!

بۇ، ھەممىلا بىمارلارنى بىرلا خىل قەغەزسىمان ئوكۇل بىلەن داۋالايدىغان دوختۇرخانا بولۇپ، بەزى-بەزىدە رەڭگى ئۆچمەيدىغان كۆك سىياھلارنى ئاق ئىشپىرىستا كېسەلەرنىڭ باشلىرىغا سانجىپ داۋالايتتى. ئايرىم، كېسىلى ئانچە ئېغىر بولمىغان بىمارلار سۇيۇقلاندۇرۇلغان دورىلارنى پىلاستىنكىلىق نەيچىلەردە سۈمۈرۈپ داۋالىناتتى. بىراق بۇ جايغا كەلگەن بىمارلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئېغىر يۇقۇملانغان بولۇپ، ھەتتا بىر قىسىم دوختۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىدىنمۇ كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. مەن بىمارلارغا ۋە بىر قىسىم دوختۇرلارغا دىققەت بىلەن سەپسالدىم. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئۇزۇن يىللىق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تولۇق ئويغىنالمايۋاتقاندەك خامۇش ھالەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ تۇرۇپ-تۇرۇپلا تاملارغا ۋە ياكى بىر بىرلىرىگە ئۈسسۈۋالاتتى-دە، كەچۈرۈم سوراشنىڭ ئورنىغا بىر-بىرىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇشاتتى. بىراق ئۇلار ھەرقانچە ئۈسۈشۈپ، ياقا بوغۇشۇپ ۋە باشلىرىنى يېرىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۆز ئىشلىرىدىن ۋە ئۆز يوللىرىدىن قېلىشماي، ئالغا قاراپ كېتىشىۋېرەتتى.

V

مەن دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆچۈرەتتە تۇرغانلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تىزىلدىم. ئۆچرەتتە تۇرۇشقانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك چىشلىرىنى

ھىڭگايتىپ، بىر ـ بىرگە خىرس قىلغاندەك غۇچۇرلىتىشاتتى. ئۇلارنىڭ چىشلىرىنىڭ ھىڭگىيىشىمۇ، غۇچۇرلىتىشىمۇ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولماستىن، ئۆچرەتنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۆزگىرەتتى. ئالدىدىكىلەر قانداق قىلسا، ئارقىدىكىلەرنىڭ دەرھال ئالدىدىكىلەرگە ئوخشاش ئۆز ھەرىكىتىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىشەتتى، بىراق بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىشانىسىگە يېڭىدىن چىققان «مىڭ يۈئەن»لىك پۇلدىن بىردىن چاپلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆچرەتتە تۇرۇپمۇ باغلام ـ باغلام پۇللارنى خۇددى كۆز باغلايدىغان سېھىرگەرلەردەك قولدىن قولغا شۇنداق تېز ئايلاندۇرالايتتى.

مېنىڭ ئىرسىيەتلىك جاھىللىقىمدىن بولسا كېرەك، باشقىلارنى زادىلا دورىغۇم كەلمىدى. شۇڭا مەن ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئالدى ئارقامغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كىچىكىمدە چوڭ ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان بىر ئاھاڭغا، يېقىندا ئۆزەم يازغان بىر تېكىستنى سېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ناخشا توۋلاشقا باشلىدىم:

دەرىزەمدىن مارىلاپ ئەي يارەي،
ئاڭلىمىغىن ناخشامنى ۋاي جانەي.
...

ئۆچرەتنىڭ ئالدىدىكىلەر ئىختىيارسىز چىشلىرىنى ھىڭگايتىشنى ۋە قارسىلدىتىپ بىر ـ بىرىگە قارىتىپ تىل تەگكۈزۈشلىرىنى توختاتتى ـ دە، خۇددى باشقا سەييارىدىن كەلگەن غەلىتە مەخلۇقنى كۆرگەندەك ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىشتى. مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلماستىن ناخشامنى توۋلاۋەردىم:

ئامراق دوسلار نېمىشقا ھەييارەي،
قوبۇل قىلماس سوۋغامنى ۋايجانەي.
...

ـــ ئاغزىڭنى يۇم! ـــ توساتتىن بىلىكىگە سىرىق يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان بىر توپ كالتەكچىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ماڭا كالتەكلىرى بىلەن ھەيۋە قىلىشتى. ئاندىن مېنى سەپتىن قوغلاپ چىقىرىشتى. ھەيدەپ چىقىرىلغىنىممۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولدى. دېمىسىمۇ مەن بۇ يەردىكى ۋىراچلارغا قارىتا ئىشەنچەمنى يوقۇتۇپ بولغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئورۇنسىز ھەيۋىگە ۋە تەھدىتكە ئۇچرىغىنىم ئۈچۈن بۇ جايدىن جىمغىنە كېتىپ قېلىشنى خالىمىدىم. كارىدوردىكى قان، يىرىڭ ۋە تۈكرۈكلەر بىلەن تولغان گارشۇكنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنى ماڭا ئەڭ يېقىن كەلگەن بىر كالتەكچىنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ قويدۇم ـ دە، ئالدى ئارقىمغا قارىماي بەدەر قېچىپ، كارىدورنىڭ چىقىش ئېغىزىغا كەلگەندە توختاپ ئارقىمغا قارىدىم. شۇ چاغدا ھېلىقى كالتەكچىنىڭ باش كوزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان مەينەتچىلىكلەر بىلەن قارى بولماستىن، دوستانە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا قاراپ سەكسەن گرادۇس ئېگىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ مېنى ئۆچرەتكە قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۆچرەتكە قايتىپ بارغىنىم بىلەنمۇ يەنە بەرىبىر قوغلىنىشىم ئېنىق ئىدى،شۇڭا ئۇدۇل ماڭغىنىمچە، «شىپاخانا» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشىكى ئوچۇق بىر بۆلۈمچىنىڭ ئىچىگە كىردىم.

بۇ جايدا ئۈستى بېشىغا دوختۇرچە ئاق خالات كىيىۋالغان، بىراق قولىغا قاسساپنىڭ ئۈستىخان پارچىلايدىغان پالتىسىنى كۆتۈرىۋالغان بىر كىشى ئىگراپ ناخشا ئېيتقان ھالدا، چوڭ ئانام دائىم ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەن قەدىمىي بىر ھەيكەلنى پارچىلاۋاتاتتى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر ساھىپجامالنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىمۇ، ئايرىم ـ ئايرىم پارچىلانغان قىسمىمۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر خىل سېھرى گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ھېلىقى ۋىراچ سۇيىقەت قاسساپ بولسا ھەيكەلنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنى پارچىلىغاندا، ئالدى بىلەن شۇ ئەزانى ئۇزاققىچە سۆيۈپ، يۈرىكىگە تېڭىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، شۇ ئەزاغا پالتا ئۇراتتى.

ۋىراچلارغا بۇ كىم؟ سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى نابۇت قىلىسىز؟ دەپ سورىدىم مەن.

داۋامى كېيىنكى ساندا



## بالىلارغا ئاتاپ

# شوخ بالىلارغا*

بۇغدا ئابدۇللا

*بالا بولسا شوخ بولسا،*
*شوخ بولمىسا، يوق بولسا (ماقال)*

بۈگۈن ھاسا تۇتقانلار،
تۈنۈگۈنكى شوخ بالا.
سۇغا كىرگەن، ساي كەچكەن،
ئۇلار كۆرگەن ئىش تولا.

قۇلىقىدىن سوزسىمۇ،
يىغلاپ ماقۇل دېگەنچە،
چىقىپ كېتىپ تالاغا،
ئويۇن ئويناپ بىلگەنچە.

ئەسكى تونۇر كەينىدە،
سامانخانا ئىچىدە،
بىر باشلانسا مۆكۈشمەك،
نەدە ئۇيقۇ كېچىدە.

سەھەر تۇرۇپ ئەتىسى
لاي ئويۇننى باشلىغان.
يېرىم ـ ياتا خىش ـ كېسەك،
تامچىلىقتىن ئاشمىغان.

بىر چىرايلىق ئۆي ياساپ،
قورچاقلىرىنى قىز قىلىپ،
كۆڭلەك تىكىپ پۇرۇچتىن،
ئەركىلىتىپ سۆز قىلىپ.

«يىغلىما» دەپ بەزلىگەن،
«ئۇسساپ كەتسە» سۇ بەرگەن.
«ئۇخلاپ قالسا» قېشىدىن،
بىردەم نېرى كەتمىگەن.

ئاندىن ھويلا ـ ئارامدا،
ئىگىز تامدىن سەكرىگەن،
تۇمشۇقلارنى يېرىشىپ،
ھېچكىمگە ۋاي دېمىگەن.

* «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشر قىلغان «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى

چاڭقىغاندا دۆم يېتىپ،
مۇزدەك سۇنى خوپ ئىچكەن،
پىششىق، توڭنى ئىلغىماي،
قورساق كۆپسە بىلمىگەن.

توخۇ سولاپ تونۇرغا،
سۇ بىلەن دان بەرمىگەن،
ئۇنتۇپ كېتىپ بۇ ئىشنى،
ئەسلىگەندە بىر كۈلگەن.

غالدۇر ـ غۇلدۇر شامالدا،
دەرەخلەردىن چۈشمىگەن.
يامغۇرلاردا چۆپ ـ چۆپ سۇ،
ئۆيگە كىرىپ كەتمىگەن.

ھەسەن ـ ھۈسەن چىققاندا،
كۆزىن بىردەم ئۈزمىگەن،
چاۋاك چېلىپ چۇرقىراپ،
ئۇيۇق سايان يۈگۈرگەن.

باللىقنى سۆزلىسە،
جىمى ئىشلار ئەينەكتەك.
ئايان بولۇپ بىرمۇ بىر
تۇيۇلىدۇ چۆچەكتەك.

كىچىك ئىدى ئۇلارمۇ،
بۈگۈن كىچىك سىلەرمۇ.

شوخلۇق قىلىش ھەققىڭلار،
شوخلۇق قىلىش گۇناھمۇ؟

شوخ بولۇڭلار باللار،
ئوت بولۇڭلار باللار،
نۇر چېچىڭلار باللار،
يول ئېچىڭلار باللار.

توخۇ يۈرەك بولماڭلار،
شىر يۈرەكلىك بولۇڭلار.
باقىۋەندە ئەمەستۇر،
ئاتا بىلەن ئاناڭلار.

چىنىقىڭلار پالۋاندەك،
يىقىلساڭلار كېرەك يوق.
يىغلىساڭلار كېرەك يوق،
بىلمىسەڭلار كېرەك يوق.

بىلمىگەننى سورىغان،
سوراپ ـ سوراپ ھارمىغان،
چىقالايدۇ چوققىغا
بۈركۈتلەرنى دورىغان!

سىلەر ئەلنىڭ ۋارىسى،
سىلەر ئەلنىڭ ئەتىسى،
سىلەر باغنىڭ چېچىكى،
سىلەر باغنىڭ نوتىسى.

## قولۇمنى قويۇۋەتسەڭچۇ جېنىم دادا*

نەسىر

پەرھات ئىلياس

قولۇمنى قويۇۋەتسەڭچۇ، جېنىم دادا! بىلىمەن، سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسەن، مېنى تېخى كىچىك، تاغقا يامىشىشنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن. ياق، دادا، مەن چوقۇم تاغقا چىقالايمەن. تېخى تۈنۈگۈنلا ئاغىنىلىرىم بىلەن ئاشۇ چوققىغا چىقىشقا بەسلىشىپ بىرىنچى بولدۇم. سان ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسەن. تېخى ئاخشام ئۇخلاۋېتىپمۇ چۈشۈمدە ئاشۇ چوققىغا چىقتىم. قوللىرىمنى سوزۇپ، بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كىتىپ بارغان ئاينى تۇتىۋالدىم. ئاي ئاچچىقلىنىپ، جىلغىدىكى بۇلاقنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدى.

دادا، سەن، ئۇ چوققىنىڭ ئۈستى قىڭغىراق بېسىدەك تۇرسا ئادەم قانداق تۇرالايدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ يىراقتىن ئۇنداق كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمىلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بەك چوڭ چوققىغا چىقىپ، بىز تۇرۇۋاتقان مۇنۇ قورام تاشقا قارىساڭ، ئۇمۇ بەش تاشنىڭ بىر تېلچىلىكلا كۆرۈنىدىغۇ.

قولۇمنى قويۇۋەتكىنە، دادا، مەن ئۇ يەرگە چىقىپ تاغلارغا ناخشا ئېيتىپ بېرەي، ساڭىمۇ، ئاپامغىمۇ ناخشا ئېيتىپ بېرەي.

جېنىم دادا، ئۆتۈنۈپ قالاي، قولۇمنى قويۇۋەت!

* «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشر قىلغان «ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى

# تالمۇد، سوقرات ۋە موربدىن چىققان ئىككى كىشى

يەھۇدى مەسەلى
ئەزەربەيجان تۈركچىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى نۇرزۇگۇم قۇتلۇق

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بىر ياش يەھۇدى نيۇيوركلۇق مەشھۇر بىر ھاخامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنىڭ تالمۇدنى ئۆگەنگۈم بار» دەپتۇ.

ـ سەن ئارامى تىلىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ ھاھام.

ـ ياق بىلمەيمەن.

ـ ئۇنداق بولسا ئىبرانىي تىلىنى بىلەمسەن؟

ـ بىلمەيمەن.

ـ ئۇنداقتا باللىق ۋاقتىڭدا تورا ئوقۇغانمۇسەن؟

ـ ياق ھەزرەتلىرى. لېكىن سىلى غەم قىلىسىلا، مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە بۆلۈمىدە ئوقۇدۇم. سوقرات مەنتىقىسى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتىمنى تۈگىتىپ دېسسىرتاتسىيە ياقلىدىم. ئەمدىلىكتە ئىدراكىمدىكى غەرب ئىدىيىسىنىڭ ئاق داغلىرىدىنى تازىلاش ئۈچۈن تالمۇد ئۆگىنىشنى قارار قىلدىم.

ـ سەن تالمۇدنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھازىر ئەمەسكەنسەن، ـ دەپتۇ ھاھام، ـ بۇ كىتاب ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەڭ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە كىتابتۇر. ئەمما سەن جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېلىپ بارىسەن. شۇڭا سەندىن مەنتىقە ھەققىدە بىر سىناق ئېلىپ باقاي. ئەگەر ئۆتەلىسەڭ سېنى تەربىيىلەيمەن.

يىگىت ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ھاھام سۆزىنى داۋام قىلىپ:

ـ ئىككى كىشى موربدىن چىقىپتۇ. بىرسىنىڭ يۈزى پاكىز، يەنە بىرىنىڭ بولسا مەينەت بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇلاردىن قايسىسى يۈزىنى يۇيۇشقا بارىدۇ؟

ياش پەيلاسوپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ:

ـ مۇشۇ مەنتىقە سوئالىمۇ؟

ھاھام بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

ـ ئەلۋەتتە يۈزى مەينەت بولغىنى!

ـ توغرا ئەمەس. مەنتىقىلىق ئويلا: يۈزى مەينەت كىشى يۈزى پاكىز كىشىگە قارايدۇ ۋە يۈزىنى پاكىز دەپ ئويلاپ قالىدۇ. يۈزى پاكىز كىشى بولسا يۈزى مەينەت بولغان كىشىگە قارايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يۈزىنىمۇ شۇنىڭدەك مەينەت ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايدۇ ـ دە نەتىجىدە يۈزىنى يۇغىلى بارىدۇ.

ـ بۇ بەك زىل سوئال ئىكەن ھەزرەتلىرى، يەنە بىر سىناق پۇرسىتى بەرگەن بولسىلىرى!

ـ ماقۇل، ياش يىگىت، ئىككى كىشى موربدىن چىقىپتۇ. بىرسىنىڭ يۈزى پاكىز، يەنە بىرىنىڭ بولسا مەينەت بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇلاردىن قايسىسى يۈزىنى يۇغىلى بارىدۇ؟

ـ بىز بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدۇق، يەنى يۈزى پاكىز بولغىنى يۇغىلى باراتتى.

ـ ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ھەر ئىككىلىسى بېرىپ يۈزىنى يۇيىدۇ. مەنتىقىلىق ئويلىغىن: يۈزى پاكىز بولغىنى يۈزى مەينەت بولغىنىغا قارايدۇ ۋە ئۆز يۈزىنىمۇ مەينەت ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ يۇغىلى بارىدۇ. يۈزى مەينەت بولغىنى يۈزى پاكىز بولغىنىنىڭ يۈزىنى يۇيۇشقا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ يۈزىنىڭ مەينەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇمۇ يۈزىنى يۇغىلى بارىدۇ.

ـ مەن بۇ ھەقتە ئويلاشماپتىمەن. ھەقىقەتەن دىققەت تارتىدىكەن. مەن مەنتىق خاتالىقى سادىر قىپتىمەن. مەندىن يەنە بىر سىناق ئېلىپ بارغان بولسىڭىز.

ـ خوپ، ئىككى كىشى موربدىن چىقىپتۇ. بىرسىنىڭ يۈزى پاكىز، يەنە بىرىنىڭ بولسا مەينەت بولۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇلاردىن قايسى بىرى يۈزىنى يۇيۇشقا بارىدۇ؟

ـ ھىم، ھەر ئىككىلىسى يۈزىنى يۇيۇشقا بارىدۇ.

ـ يەنە خاتا بولۇپ قالدى. ھېچبىرى يۇغىلى بارمايدۇ. مەنتىقىلىق ئويلانغىن: يۈزى مەينەت كىشى يۈزى پاكىز كىشىگە قاراپ يۈزىنى يۇغىلى بارمايدۇ. يۈزى پاكىز كىشى بولسا يۈزى مەينەت كىشىنىڭ يۇيۇشقا بارمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى مەينەت ئەمەس، دەپ ئويلايدۇ.

ياش يىگىتنىڭ يۈزى تۇتۇلۇپتۇ:

ـ ئىشىنىڭكى مەن تالمۇدني ئۆگىنەلەيمەن. مەندىن باشقا سوئال سورىغان بولسىڭىز؟

ـ ماقۇل، ئىككى كىشى موربدىن چىقىپتۇ...

ـ ۋاي تەڭرىم، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى يۈزىنى يۇيۇشقا بارمايدۇ!!!

ـ ئۇنداق ئەمەس. ئەمدى سەن ئىچىڭدىن قايىل بولساڭ بولىدۇكى، سوقراتنىڭ مەنتىقىسى ھېچقاچان يېتەرلىك ئەمەس. دەپ باققىنە قېنى: ئىككى كىشى ئوخشاش موربدىن چىقسا قانداق قىلىپ بىرىنىڭ يۈزى مەينەت، بىرىنىڭ يۈزى پاكىز بولىدۇ؟ ياكى سەن چۈشىنەلمىدىڭمۇ؟ بۇ بىر مەنىسىز سوئال. ئەگەر سەن پۈتۈن ئۆمرۈڭنى بۇنىڭدەك مەنىسىز سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان بولساڭ، ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ پۈتۈن جاۋابلىرىڭمۇ، ئۆمرۈڭمۇ مەنىسىزدۇر.



# دېھقان بولماق تەس

روزى سايىت (1943~2001)

شائىرمەن قىلمىغاچ يالغانغا ھەۋەس،
سۆزلەيمەن ھەق گەپنى، يالغاننى ئەمەس،
بىر ئوت بار يالقۇنى قەلبىمدە پەۋەس،
شۇ ئوتنىڭ ئۆرتىشى ئەتتى مېنى مەس،
مەستلىكتە دەۋالاي، لېكىن مەن پەخەس،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئالەمنىڭ ئابادى دېھقان تەرىدىن،
چۆللەرنىڭ گۈللىشى ئۇنىڭ بەھرىدىن،
ئۇ باقار شەھەرنى، كېچىپ مەرىدىن،
ئۇنىڭ يوق تاماسى، «تاختا-پەرى» دىن،
پەرقى يوق تۆھپىدە ھەسەل ھەرىدىن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئۇ مۆمىن، بەك ياۋاش، ساددا- مۇلايىم،
بوشىماس ئالقىنى كەتمەندىن دائىم،
دەر: ئىشلەي بولسا ساق يەتتە ئەزايىم،
تەقدىردە ئېتىزدىن ئېلىنمىش لايىم،
رىسقىمنى، ئەجرىمنى بەرسۇن خۇدايىم،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

پاراغەت دىلبىرى ئاچقۇچە قويۇن،
تۆت پەسىل توختىماي كۆرسىتەر ئويۇن،
قىشتا سوغ، يازدا ئۇپ، باھاردا قۇيۇن،
گاھ كەلكۈن، گاھ تۇمۇز قىسقۇزار بويۇن،
قىسمەت دەر: جاپاغا خام كېيىكىر- تويۇن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

قاراشلىق كەل- بار ئۇنىڭ بېشىغا،
يۈگرەيدۇ ئۆستەڭگە - دامبا قېشىغا،
ئىشلەيدۇ شۇلارنىڭ توپا- ئېشىغا،
ۋاقىتنىڭ ئاشقىنى ئېتىز ئىشىغا،
قورۇقلار ماس كەلمەس ھەرگىز يېشىغا،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئۇ- ئۆكۈز تىنىمسىز تارتىدۇ ساپان،
شاكىراپ تەر دەستىدىن شورلايدۇ چاپان،
كۆيىدۇ چوققىسى، كۆيىدۇ تاپان،
چاك-چاك يېرىلىپ قانايدۇ ئالقان،
ئەمما ئۇ «ۋايجان»لاپ كۆتۈرمەس چۇقان،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

تېرىمنىڭ كەينىدىن مايسا پەرۋىشى،
ھە-دېمەي بولىدۇ يىغىم تەۋرىشى،
ئېتىزدىن بوشىسا ئۆينىڭ تەشۋىشى،
ئېشەكنىڭ ھاگرىشى، قوينىڭ مەرىشى،
يىل بويى ئۆكسىمەس پىشىپ تەرلىشى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

كېتمەن دەۋاتقان ئوسىنىڭ نېمى،
مېنى تاپ دەۋاتقان ئوغۇتنىڭ كېمى،
ئۇششۇيمەن دەۋاتقان قوناقنىڭ خېمى،
تۇرسا سىرت ئالۋىڭى، ئۆزىنىڭ غېمى،
تالجىقسا- ھېرىقسا كېسىلىپ دېمى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

كېلىدۇ بايراملار ئايەمگە تۇتاش،
دېھقاننىڭ بايرىمى ئۇتاش ھەم پۇتاش،
ئۇي- پىكرى ھېيت ئەمەس- ھوسۇلنى بوداش،
ئايەم شۇ قازناقتا كۆپرەك كىرسە ئاش،
مەشرىپى- ماتىمى خاماندا، ئاداش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئۇ ئەمەس ئۇنۋاندار تەلەيلىك كىشى،
توشمايدۇ بىر ئۆمۈر پېنسىيە يېشى،
يوق «تۆمۈر تاۋىقى» - ئۇزۇلمەس ئېشى،
يوق مائاش، دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىشى،
ئايدا ساق ئوتتۇز كۈن ئىشلەر ياز- قىشى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

يەكشەنبە، شەنبىلەر يوقلىماس ئۇنى،
تەنجىيامۇ، شيۇجىيامۇ ياقلىماس ئۇنى،
كانىكول ـ تەتىللەر ساقلىماس ئۇنى،
يوقلايدۇ، ساقلايدۇ ئەمگەك خاس ئۇنى،
شۇ «خاس»لىق باغاشلاپ راست سۆيەر ئۇنى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئۇ تەرگەن پاختىدىن بىزنىڭ ئۈستى باش،
ئۇ چەشلەپ يىغقان دان بىزنىڭ يىگەن ئاش،
ھەم شۇنىڭ لېگەنگە چىققان گۆش ـ ئوتياش،
ئۇ باققان پىلىدىن بىزنىڭ يوتقان تاش،
ئۇ بولغاچ مەرت ھاتەم بىر مۇشۇنداق شاش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

«مەن،سەن، ئۇ» ـ سەھرالىق، يېزىدىن ئەسلى،
دىمەك بىز ئەسلىدىن دېھقاننىڭ نەسلى،
نەسلىدىن ياتلاشقان كۆرمەس بەخت ۋەسلى،
قەدرىنى بىلگەنگە ئۇ ئىللىق يەسلى،
يەسلىگە سۆزمىسۇن قول ئاياز پەسلى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

بەزىلەر دېھقاننى ساغار كالىدەك،
ساغقانچە بىلىنەر سۈتى چالىدەك،
ئۆزىلا ئاق، ئۇنىڭ كۆڭلى ئالىدەك،
مۇڭلانسا تۇيۇلار تۆھمەت ـ يالىدەك،
رىزقىغا چاڭ سالار ئۆگەي بالىدەك،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ۋاھ، خەقلەر كەتتىغۇ ئەجەپ «سول» لىشىپ،
ھىيلىسى يىلىپىرى باردى موللىشىپ،
سەھنىدە تۈزۈشۈپ توختام ـ قوللىشىپ،
«قاتلىنىپ ئاشتى» ـ دەپ دوكلات يوللىشىپ،
مۇكاپات ئېلىشتى «تۆر» نى گوللىشىپ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئەللىك كۈن تۇرۇقلۇق خالىس ئەمگىكى،
يىل بويى ئىشلەتتى ھاشار بەگلىكى،
رەت قىلسا تۆلەم بار، قالتىس دەللىكى،
ئەرز قىلسا چار قونىدارلار پەللىكى،
دېھقانغا مۇشۇنداق ياشاش تەڭلىكى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

«تەكىت»تە ئاجايىپ دېھقاننىڭ رولى،
دېيىلەر: «ئاساسنىڭ ئاساسى ئۇلى»،
ئەمەلدە بېشى كەڭ، تار ئاياغ يولى،
شۇڭىمۇ تىرنىقى ئۆسمەيدۇ غولى،
ئۇن فۇڭنى خەجلەشكە تىترەيدۇ قولى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ساتقىلى ئەپكىرسە ياڭاق ۋە گۈلە،
ئۇ كېلەر، دەپ: قېنى رەسمىيەت تۆلە!...
بۇ كېلەر: يەر ھەققى تاپشۇرغىن، بولە!...
دەپ قالسا: سەل توختاڭ...دەر: «يوقال ـ ئۆلە!»
ئۇنىڭغا ھەممىسى توقۇيدۇ مۈلە،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئۇ دېسە: قىغ ـ تېزەك ھىدى بەستىدە...
ماۋۇ دەر: يول قىستاڭ ئۇنىڭ دەستىدە...
يولنى ئۇ ياسىغان تۇرسا ئەسلىدە،
ھارۋۇسى ماڭالماس كوچا ـ رەستىدە،
ئاھ، گويا ھەممىسى ئۇنىڭ قەستىدە؟
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

خەزىنە تارقاتسا: «يۆلەش پۇلى»نى،
بانكىر دەر: «ئۇ بىلمەس بېيىش يولىنى»،
يۇيامدۇ بىزنى، بىز يۇساق قولىنى؟
چىقىرىپ تۇرسا كېيىن دولا ـ غولىنى!
كۆزىمىز كۆرمىسۇن قەرزى تولىنى!
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

مۇشۇنداق ھالەتتە، دېھقان بىچارە،
كۆزى ياش، دىلى خۇن، يۈرىكى پارە،
ئەڭنى جۇل، گېلى ئاچ، مىسكىن، ئاۋارە،
ھالىغا ۋاي ئۇنىڭ قەيەردە چارە؟
ھەتتاكى جانغىمۇ تۆلەر ئىجارە،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!...

ئۈزۈلەي دېگەندە ماغدۇر يىلىكى،
يۇقۇرغا ئاڭلىنار ئارمان ـ تىلىكى،
ھال سوراپ كېلىشەر خىزمەت ئۆمىكى،
«يېتەمدۇ يىلغا ـ دەپ ئوزۇق ـ يېمىكى؟»
بارى ـ بار، نەھاجەت، «ئۇ ـ بۇ» دېمىكى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

دېھقان دەر تەكشۈرۈپ كەلگەن ئۆمەككە،
«ئوخشايدۇ ھالىمىز ئەتىسىز مۇنەككە»،
بىز گويا قارچۇغا چۈشكەن تۈنەككە،
مۇھتاج بىز يورۇقتا، بىر يار ـ يۆلەككە،

«دېمەك تەس بۇ گەپنى سىزدىن بۆلەككە» ،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ساق تۇرۇپ ئىككى قول ـ ئىككى پۇتىمىز،
دەپ تۇرۇپ پايدىلىق پەيتنى تۇتىمىز،
تۇتقانچە بوششۇپ ھەسرەت يۇتىمىز،
كىملەرنىڭ پەيلىدىن نابۇت پۇتىمىز،
قاچانمۇ ئۇتۇلماي، يېڭىپ ئۇتىمىز،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

جەدۋەللەر «ئاشتى» غا يوللايدۇ ساننى،
ئالىدۇ سۈپۈرۈپ ئاخىرقى داننى،
ئالدايدۇ ئۆزىنى، كۆر بۇ زىياننى،
پوچىلىق ـ «نوچىلىق» قىينايدۇ جاننى،
جەرىمانە توختىماي كولايدۇ ياننى،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

كۆردۈڭلار ھالىمىز شۇقەدەر ناچار،
قازناقلار قۇپ ـ قۇرۇق، چاشقانمۇ قاچار،
يەي دىسە تۈگىدى، يېمىسە ئاچار،
بىر نىچۈن بۇپ قالدۇق بۇ ھالغا دۇچار،
كەتسەڭلار «چاقتىڭ» دەپ قەھرىنى چاچار،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئىشقىلىپ بىرسى بار پەيلى بەزگەكتىن،
ئىمتىياز تەختىدە تۇرۇپ ئەزگەكتىن،
چىقمىسا بۇ قەستىنى بىلگەك، سەزگەكتىن،
بولمىز سەرگەردان ـ «جاھان كەزگەك» تىن،
گاراڭ بىر توختىماس تېپىك، تەستەكتىن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

يۇرت ـ يۇرتتىن تەڭلەيدۇ، كۆڭلەك، چاپان ـ كەش،
ھەشقاللا ئېيتىمىز بولسىمۇ نىمكەش،
بىر شۇنداق تىلەمچى ـ گاداي كۆڭلى غەش،
قىزىق ئىش: يەر مۇنبەت، ھەر خاماندا چەش،
بىلمىدۇق كىم جەمشت، كىملەر لەيلۇەش،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

ئوغۇتمۇ «پۇل!» دەيدۇ، يالتىراقمۇ ھەم،
تۇگمەنمۇ «پۇل!» دەيدۇ، جىنچىراقمۇ ھەم،
«پۇل!» دەيدۇ تاغارمۇ، توقۇناقمۇ ھەم،
«پۇل!» دەيدۇ يولدىكى بوغىناقمۇ ھەم،
پۇل قېنى ؟ پۇل نەدە؟ غەم ئۇستىگە غەم،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

بىزنىڭمۇ باي بولۇپ ئۆتكىمىز يوقمۇ؟
لەۋلىرى ماي بولۇپ ئۆتكىمىز يوقمۇ؟
نامراتلىق نومۇسقۇ، بىزگە ئوزۇقمۇ؟
قىسمەتنىڭ پۈتكىنى ئاھانەت، دوقمۇ؟
يوق ھەتتا تەسەللى ـ «ۋاي نېمە قوق» مۇ؟
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!...

دېسىمۇ مەركەزدىن باي بولسۇن دېھقان،
كىمگىدۇر ياقمىغاچ دېھقانغا ياققان،
ھەددىدىن ئاشماقتا «ئۈچ قالايمىقان» ،
بەس! ئەمدى سالمىساق بولمايدۇ چۇقان!!!،
چاچما، دەپ سېلىقكەش يۈز ـ كۆزگە قوقان،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

دېھقاننىڭ بەختىگە سانما قارا،
دېھقاننىڭ قەلبىنى ئەيلىمە يارا،
دېھقاننىڭ يولىغا قازمىغىن ئورا،
كىم دېدى «دېھقاننىڭ قېنىنى شورا»؟
دېھقاننىڭ بېشىنى سىلا! ھال سورا!!!
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

دېھقانمۇ ياشىسۇن، كۈلسۇن، يايرىسۇن،
دېھقانمۇ جاراڭلىق ئۈندە سايرىسۇن،
دېھقانمۇ كۆكلىسۇن، ئۆسسۇن ـ ئاينىسۇن،
قازنى ماي كۆرسۇن، شورپا قاينىسۇن،
ئۇھ...! دېسۇن، ھېيت ـ بايرام مەشرەپ ئوينىسۇن،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

سەن بىزدەك گەردىنى قاتقان نەدە بار؟
مۇھ يەپ شاختا تىغ چاپقان نەدە بار؟
تۈز بەرگەن تۇزلۇقنى چاققان نەدە بار ؟
دېھقاندەك ئەل ـ يۇرتنى باققان نەدە بار؟
ئېيتمىساق بولمايدۇ ئۇنىڭ دەردى بار،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس!

شائىرمەن دېھقاننىڭ باغرىدا ئۆسكەن،
شائىرمەن ئۇ بەرگەن زاغرىدا ئۆسكەن،
شائىرمەن ئۇنىڭ ئاش تاغرىدا ئۆسكەن،
شائىرمەن توي كۆرگەن ناغرىدا ئۆسكەن،
يالغانىي يازماقتىن راست سۆزلەش تەسكەن،
تەس دىسە ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس .

1995 ـ يىل 1 ـ ئاي، خوتەن

# پال

دىلنۇر رەيھان (فىرانسىيە)

ماڭا پال ئاچتۇق،
سورايسىز چوقۇم ئىشىنەمسىز دەپ.
بىلىسىزغۇ بىزدە بار بىر گەپ،
پالغا ئىشەنمە،
لېكىن،
پالسىزمۇ يۈرمە.

ماڭا پال ئاچتۇق،
خىيالىڭدا بىرى بار دېدى.
ئوي ـ پىكرىڭ ئاڭا يار دېدى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن قەلبىڭ زار دېدى.

ماڭا پال ئاچتۇق،
مۇھەببەتتىن باشقا تېمىدا.
دېدى قىزلار نۇرغۇن يېنىدا.
لېكىن ھېچبىرى،
كىرمىدى قۇلاققا.

ماڭا پال ئاچتۇق،
ئىشەنمىدىم ھەر قېتىمقىدەك.
لېكىن ئويلاندىم،
راست بەردىمۇ بىرىگە يۈرەك؟

تۈنۈگۈنكى پال،
بۈگۈنگىچە خىيالىمدا بار.
راست ئاشىقمۇمەن،
يۈرىكىم بىرىگىمۇ زار
سىرتتا ئىدىم،
ئەتراپىمدا ھەر تىل، ھەر دىدار.
ئۇدۇلۇمدىن كەلدى ياش بىرى،
مانا ماڭا لايىق بىر نىگار.
دېمەك،
ئاشىق ئەمەسكەنمەن ھېچ.
بولمىسا،
يۈرىكىم قالار ئىدى تىنچ.
چۈشەندىم ئەمدى،
ئاشىق ئەمەسمەن دىل.
ئەمما، ساڭا ئاشىق بولغۇم بار،
سېنى ماڭا ئاشىق قىلغۇم بار.

شۇنداق،
پالغا ئىشەنمە،
پالسىزمۇ يۈرمە.



# مايا بۆشۈكىدە كۆرگەنلىرىم

مۇستافا ئاكسۇ (ئامېرىكا)

ۋاقىت نېمە دېگەن تېز ئۆتكەن ھە! مانا يازلىق تىل تەكشۈرۈش پائالىيىتىم باشلانغىلى ئىككى ھەپتە بولاي دەپتۇ. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشۈمنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزى ياۋروپا-ئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتېتىدىكى تىلشۇناسلىق كەسپىي دەرسلىرىم ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ تەتقىقات قىزىقىشى بولغان فونېتىكا ۋە فونولوگىيە تېمىلىرىنى چۆرىدەپ ماتېرىيال توپلاش؛ شۇنداقلا مېكسىكا، گۋاتېمالا، نىكاراگۇئا، ھوندۇراس، كولومبىيە، پېرۇ قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئاۋازلىق تىل ئامبىرى قۇرۇپ ھۆججەتلەپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قارارنى چىقىرىشىم فونولوگىيە (تاۋۇش سىستېمىسى) دەرسى بېرىدىغان پروفېسسورۇم كىمبېرلى خىلانتو خانىمنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن بولغانىدى.

يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قايسى دۆلەتتە قانچىلىك تۇرۇش، قايسى قەبىلىلەرنى زىيارەت قىلىش، بارغان جايدىكى كىشىلەرنىڭ ماگا ماسلىشىپ بېرىش-بەرمەسلىكى، بىختەرلىكىمگە قانداق كاپالەتلىك قىلىشلار ھەققىدە بەك كۆپ ئويلاندىم. بولۇپمۇ بارغانغا چۈشلۇق بىرىنچى قول ماتېرىيال يىغىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئالدىنقى يىلى ئوقۇتقۇچۇم رېبېككانىڭ مېنى شۇ قەبىلىدە ياشاپ باققان بىرسىگە تونۇشتۇرۇشى بىلەن كالىفورنىيە شتاتىنىڭ سان دىياگو شەھىرىدىكى يەرلىك ئىندىئان قەبىلىسى كۇماياىغا تىل تەكشۈرۈشكە كىرىپ، ئىككى ئاي ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەي يېنىپ كەلگەنىدىم. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشايدىغان بۇ ئىندىئانلار بۇرۇن مەن تېلېۋىزوردا كۆرگەن جەڭگىۋار، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىنسانلارغا ئوخشىمايتتى، ئوچۇقنى ئېيتقاندا ئۇلار «نامى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق»لاردىن بولۇپ قالغانىدى. پروفېسسورۇم ماگا ئۇلارغا تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلماسلىقنى جېكىلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئەسكەرتىپ، سوئال سورىغاندا دىققەت قىلىشىم كېرەكلىكى، ئۆزۈمنى ئۇلارنىڭ دوستى قاتارىدا كۆرسىتىشكە تىرىشىشىمنى تاپىلىغانىدى. ئەمما بىر نەچچىسى بىلەن پاراڭلىشىپ

بېقىشقا ئۈرۈنغان بولسامۇ، ئۇلاردىن تىلى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغانىدىم. پاراك ئەمدى باشلىنىشىغا ئۇلار ئىچىپ مەس بولۇۋالاتتى، تۇيۇقسىزلا بىر يەرلەردە نەشە چېكىشىپ كېلىپ، ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ بىر نەسىلەرنى دەيتتىيۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتىم، بۇ بىچارىلەرگە ئىچىم ئاغرىيتتى.

مەن 30 دىن كۆپرەك دۆلەت ۋە رايونغا بارغان، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدۇ. بىرىنچىدىن، مەن بۇ قېتىم ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن يولغا چىقاتتىم. ئىككىنچىدىن، مەن بارىدىغان جايلار بىر ـ بىرىدىن خەتەرلىك ئىدى. مەسىلەن، گۋاتېمالا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قالايمىقانچىلىقتا نامى بار: زەھەر ئەتكەسچىلىرى ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلار يامراپ كەتكەن، ئادەملىرى بەش دوللار ئۈچۈنمۇ قاتىللىق قىلىدىغان جاي ئىكەنلىكى، چەتئەللىكلەر ئۈچۈن تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، كۆندۈزى يالغۇز ماڭغىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مىش ـ مىش پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ دۆلەتلەردە بەزگەك، مېنىنگىت، ئا ۋە ب تىپلىق جىگەر ياللۇغى، كېزىك ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يامرىغان بولغاچقا، بارغاندىن كېيىن ئىچكەن سۇيۇمدىن تارتىپ يېگەن تاماقمغىچە تولىمۇ ئېھتىيات قىلمىسام بولمايتتى. شۇ ۋەجىدىن مېڭىشتىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەر خىل ۋاكسىنىلارنى ئەملەتتىم ۋە كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى. ئەمەلىيەتتە، گۋاتېمالادا ئەڭ كۆپ ماتېرىيال توپلىيالايتىم، چۈنكى مايالىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللاردىن بىر نەچچىسى دەل ئاشۇ تۇپراقتا ئىدى. ئەگەر ماتېرىيال توپلىشىم ئوڭۇشلۇق بولسا، بولۇپمۇ بايقالمىغان تاۋۇشلارنى تاپالىسام بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمغا كۆپ پايدىسى بولاتتى. ئۇيان ئويلاپ بۇيان ئويلاپ ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى گۋاتېمالا جۇمھۇرىيىتىدە ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىدىم.

لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەردىن مېكسىكا، كوستارىكا، پاناما، كولۇمبىيە، برازىلىيە، ئارگېنتىنا، چىلى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىسمى ناھايىتى تونۇش بولسىمۇ، گۋاتېمالا دېگەن بۇ دۆلەتنى مەن بۇرۇن پەقەت ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئالدىنقى ئايدا پروفېسسورۇم خىلانتو خانىم يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان تىللارنىڭ فونولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختالدى، ۋە مايالىقلارنىڭ مەدەنىيەت بۆشۈكى گۋاتېمالا دۆلىتىدە نۇرغۇن تىللارنىڭ بولغانلىقى، ئەمما ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغاندىن كېيىن داۋاملاشقان ئاسمىلاتسىيە تۈپەيلىدىن تىللارنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى ۋە ئىنتزا مايان تىلىنى ئاران 12 كىشى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بىلىسىلەر، شىمالي ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئىنگلىزتىلى، ئىسپان تىللىرى «ئىگە ـ خەۋەر ـ تولدۇرغۇچى» شەكلىدە بولىدۇ، بىراق بۇ تۇپراقلاردا ياشاپ ئۆتكەن ئازتەكلەرنىڭ تىلى «ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر» شەكلىدە، بۇنىڭدىن باشقا مايا تىلىنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ بەزى دىئالېكتىكلىرى ئوخشاش «ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر» شەكلىدە. جانلىق بىر مىسال مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بەزىلەر بىلمەيدىغۇ دەيمەن، سىنىپىمىزدىكى مۇستافانىڭ ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولغاچقا، «ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر» ھالىتىدە كېلىدۇ. بىزگە ياردىمى تېگىدىغان بەزى يەرلىك تىللار يوقاپ كېتىۋاتىدۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىندىئان تىللىرىدىن بىرى بولغان ناۋاخو تىلىنىڭ ئامېرىكىغا بەك چوڭ ياردىمى تەگكەن. بىز تىل ئارقىلىق ياپونىيەنى يېڭىۋالغان، ـ دېدى پىروفېسسورۇم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ Hill دېگەن سۆزنى ئۇيغۇر تىلىدا نېمە دەيدۇ؟ ـ دەپ سورىدى ئوقۇتقۇچۇم.

— «تۆپە» دەيمىز.

— تۈرك تىلىدىچۇ؟

— «تەپە» دەيمىز.

— مايالار «تەپەك» دەيدۇ.

ـ ھە؟

ـ سەنچە بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ؟

ـ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن، پروفېسسور. «مۇقتئەسى» دېگەن كىتابتا ئوقۇشۇمچە يەرلىك ئىندىئانلار ۋە باشقا خەلقلەر موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن كۆچۈپ، سىبىرىيەدىن ئۆتۈپ بېرىنىڭ بوغىزىنى كېسىپ ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغانىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت بىر كۆز قاراش.

ـ ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا بۇ توغرىسىدا ئازراق ئىزدىنىپ كېلەر ھەپتىدىكى دەرستە بىزگە 20 مىنۇت ئەتراپىدا لېكسىيە سۆزلەپ بەرگىن. ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىمۇ توختىلىپ، ساۋاقداشلىرىڭنى خەۋەردار قىلساڭ تېخىمۇ ياخشى.

شۇنداق قىلىپ بەزى ماقالىلەرنى ئوقۇدۇم ۋە كېيىنكى دەرستە لېكسىيە سۆزلىدىم. ئامېرىكىلىق ساۋاقداشلىرىم ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە سوئاللارنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ناھايىتى ئوبدان تەييارلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن تەمترىمەي جاۋاپ بېرەلىدىم. شۇ سەۋەپلىك سىنىپتىكى ئۈچ ساۋاقدىشىم مېنى بەكمۇ سۆيۈندۈرۈپ مەۋسۇملۇق ئىمتىھان پىلانىغا ئۇيغۇر تىلىنى تاللاپ ماقالە يازدى. ئەمما لېكسىيەمدە مايالار توغراسىدا كۆپ ئۇچۇر بېرەلمىدىم، چۈنكى ماتېرىيال چەكلىك ئىدى. يەنە بەزى ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى ئېنىق بولمىغانلىقتىن ئىشەنچلىك دەرىجىسى تۆۋەن ئىدى، بۇلارنى دەرسخانىدىكى ئىلمىي سۆھبەتتە سۆزلىسەم قايىل قىلىش كۈچى بولمايتتى. لېكىن كۇتۇپخانىدىن بىر قىسىم مۇھىم ئۇچۇرلارنى يىغىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەۋسۇملۇك ئىمتىھانىمنى تۈگىتىپلا، كېيىنكى تەتقىقاتلىرىم ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش ئىستىكىم بارغانسېرى كۈچەيدى.

مانا مەن ھازىر مېكسىكا شەھرىگە 97 كىلومېتىر كېلىدىغان تېئوتىخۇاكاندىكى بىر ھەپتىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشىمنى ئاياغلاشتۇرۇپ، گۋاتېمالا جۇمھۇرىيىتىدىكى شېلا دېگەن جايدا ـ مايالىقلار ياشايدىغان كېچە ۋە مام دىئالېكتىكىدە سۆزلىشىدىغان قوۋمنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن ۋە ئۇلار بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈپ تىل ماتېرىيالى توپلاشقا كىرىشۋاتىمەن. بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن مەن ماڭمىغان تاغ ـ دالا قالمىغان بولسىمۇ، بىختەر كېلىۋالدىم. سەپەردىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى، مېكسىكا دۆلىتىدىكى تېئوتىخۇاكانلارنىڭ تىلى ۋە ئۇلار قۇرۇپ چىققان غايەت زور ئاي ۋە قۇياش پىرامىداسى توغرىسىدا كېيىن تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمەن. مەن كەلگەن شېلا دېگەن يەر گۋاتېمالا جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۆزىنى مايا دەيدىغانلار خېلى كۆپ. بۇ جايدىكى مايالىقلار ئاساسەن چاڭلاشمىغان. مەن ئۆيىدە تۇرىۋاتقان مايالىق كۆيۈمچان موماي روسانىڭ دېيىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئىسپانلار تاجاۋۇز قىلغاندا ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى بەك سەت دەپ پەس كۆرگەن، شۇنداقلا پۈتۈن كىتابلىرىنى دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋەتكەن، بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئۈچ پارچىلا كىتابى ساقلىنىپ قالغان ئىكەن. بۇ يەردە مايالىقلار بىلەن مايالىقلار قۇدىلىشىكەن. كەلگەن بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، گەرچە مايالارنىڭ مەدەنىيىتى ئىسپانىيەنىڭ قولى ئاستىدا ۋەيران بولۇپ رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىھەم مايالارنىڭ ئىرناسى يوقالمىغان ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مايا ئاياللىرى ئۆزىنىڭ كەشتىلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇزۇن كانۋاي كۆڭلىكىنى كىيىدىكەن ۋە چېچىنى ئىككى ئۆرۈپ رەڭگارەڭ لېنتا تاقاپ شۇنداق چىرايلىق ياسىنىدىكەن. بەزىلىرى كۆك تەڭرىگە، بەزىلىرى كاتولىك دىنىغا ئېتىقات قىلىدىكەن. مەن تۇرغان ئۆي مايالىقلارنىڭ ئۆيى بولۇپ ئاجايىپ مېھماندوست ئىدى، بەزىدە ئۆزەمنى خۇددى يۇرتىمىزدىكىدەك ھېس قىلىپمۇ قالدىم. قىزىقارلىق يېرى شۇكى مەيلى مېكسىكىدا مەيلى بۇ يەردە بولاي ھەممەيلەن مېنى لاتىن ئامېرىكىلىق دەپ ئويلاپ قالدى. ئالدىنقى ھەپتە مېكسىكىنىڭ تېئوتىخۇكاندا كېتىۋاتسام ناتونۇش بىرى ئىسپان تىلىدا ناھايىتى تېز سۆزلەپ كەتتى، مەن ئىنگلىز تىلىدا: «خاپا بولماي ئاستىراق سۆزلىسىڭىز، مەن ئاڭقىرالمىدىم» دېسەم: «قارا، تېخى ئۆزەڭنىڭ مېكسىكىلىقلىقىڭدىن ئىزا تارتىپ ئىنگلىزتىلىدا سۆزلەپ كەتتىڭمۇ؟» دېگەنىدى. شۇ چاغدىلا مەن بۇ چىرايىم بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدا بىخەتەر بولغۇدەكمەن، دەپ ئويلىغانتىم. بۇ دۆلەتتىمۇ روسا موماي ۋە باللىرى ھەر كۈنى چاقچاق قىلىپ: «سېنىڭ چىرايىڭ تىپىك لاتىن ھەتتا بىز مايالارغا ئوخشايدىكەن، بىزگە بالا بولامسەن؟» دەپ قوياتتى. مەنمۇ بۇ ئوخشاشلىقتىن بەكلا ھەيران ئىدىم ئىچىمدە. مەنلا ئەمەس بەزى ئۇيغۇر دوستلىرىممۇ بۇ يەرگە كەلسە چېنىپ كەتمەيتتى.

60 ياشلىق روسا موماي ماگا زېرىكمەي بىلگىنىنى چۈشەندۈرەتتى. ئىنگلىزتىلى بىلمىگەچكە، مەن بىلەن ئىسپان تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە روسالا ئەمەس ھەممە ئادەم ئىنگلىزتىلى بىلمەيدۇ. مەن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن كىچىك ئۈنئالغۇمنى ئېچىپ ئاۋاز

ئېلىشقا باشلاپ، مەلۇم سۆزنىڭ مايا تىلىدىكى كېچە دىئالېكتىدا نېمە دېيىلىدىغىنىنى سورايتتىم. موماي ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتى. روسا موماي ماڭا شېلادىن پىيادە بەش سائەتتە بارغىلى بولىدىغان، تاغ ئىچىدە سىرتقى دۇنيادىن خالى ياشايدىغان مايالار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، كېلەر ھەپتە شۇ يەرگە بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنداق قىلىپ يەنە يانار تاغلارنى ئاتلاپ كارۋان بولدىغان بولدۇم.

گۇاتېمالا جۇمھۇرىيىتىدە كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە. بۇ يەرگە ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىشىپمۇ قالدىم. لېكىن كەلگەندىن بېرى لەگمەننى ئاجايىپ سېغىندىم، ئاپامنىڭ ئەتكەن لەگمىنى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ بىر ئىككى قېتىم لەگمەن چۈشەپ چىقتىم. ۋاقىت پەرقى بولغاچقا، مەن ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا گۈزەل يۇرتۇم ئاقسۇدا ئىككىنچى كۈنى چۈش بولىدۇ. دوستلىرىم ئۈندىدار چەمبىرىكىگە چىقىرىپ قويغان نازۇ ـ نېمەتلەر ۋە ئەمدى ئالا بولاي دېگەن غورىلارغا قاراپ شۆلگەيلىرىم ئېقىپ، قورسىقىم كورۇلداپ كېتىدۇ. «ۋاي ئىسىت، تەتىلدە بارغان چېغىمدا دادام، ئاپام ۋە قېرىنداشلىرىمنى ماڭا تاماق يېگۈزۈش ئۈچۈن يالۋۇرتقانلىرىم» دەيمەن ئىچىمدە. بولۇپمۇ جېنىم دادام شۇنچە چوڭ بولۇپ قالغان بولساممۇ: «ھە بالام، ماۋۇنى يەۋېلىڭ، ئامېرىكىدا يوق، ماۋۇ ئەنگلىيەدە يوق، تۈركىيەدە يوق، دۇبەيدە يوق» دەپ تاماققا زورلايتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىپ دادام، ئاپامنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۆزۈم نەملىنەتتى. مەن گەرچە 13 يېشىمدا ئۆيدىن ئايرىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەتئەللەردە ئوقۇپ ئىشلەۋاتقان بولساممۇ، پەقەت تاماق دەردى تارتىپ باقمىغان ئىدىم. بارغانلا يېرىمدە دېگۈدەك ئۇيغۇر رېستورانلىرى بار ئىدى، رېستوران يوق دۆلەتلەردە بولسا ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمنىڭ مېنى تونۇمىسىمۇ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ مېھرىلىك تائاملىرىمىزغا ئېغىز تەگكۈزۈشى بىلەن ئۇزۇنغىچە بېسىلمايدىغان بۇ سېغىنىشىمنى بېسىپ كەلگەن ئىدىم. شېلاغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم تاماق ئېتىپ باقاي دېسەممۇ شارائىت يار بەرمىدى. بۇلارنىڭ ئۈچىقىدا لەغمەن ياكى پولۇ ئېتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ تۆت سائەت ۋاقتىمنى ئاجراتمىسام بولمايتتى، بىراق مەن ئۈچۈن بىر ۋاق قورساق تويغۇزۇش تۆت سائەت سەرپ قىلىش بەكلا ھەشەمەتچىلىك سانىلاتتى. مەن تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ ئىسمى شېلا دېگەنىدىم، تولۇق ئىسمى كېتسالتېنانگو. مايالىق ئوقۇتقۇچۇمدىن سوراپ «كېتسال» دېگەن گەپنىڭ «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۆزۈمچە بۇ گەپنى تۈركچىدىكى «قۇتسال» دېگەن سۆزگە باغلاپ، بۇ بازارنى «قۇتسال تېنانگو» دەپ ئاتىۋالدىم. بۇ جاي گۇاتېمالا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىككىنچى چوڭ تاغلىق رايونى بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى خېلىلا چوڭ. كۈندۈزى ئاپتاپتا كۆيسىڭىز، ئاخشىمىدىكى سوغۇقتا ھەم پۈتۈن كېچە ياغقان يامغۇرنىڭ تەسىرىدە





ئاجايىپ تىترەيسىز. بۇ يەردە تەخمىنەن 100 مىڭچە نوپۇس بولۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى خېلىلا تۆۋەن، نامراتلار كۆپ، داۋاملىق بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرى كۆپ يۈز بېرىدۇ. مەندەك چەتئەللىكلەر كۆپ ھاللاردا يەرلىكلەرنىڭ بىرىنچى ئولجىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. تەلىيىمگە چىرايىم بۇلارغا ئازراق ئوخشىغاچقا، مېنىڭ چەتئەللىك ئىكەنلىكىمنى ئاسانلىقچە بىلەلمىدى. مەن ئۆيدە تۇرۇۋاتقان مايالىقلار ماڭا ھەر كۈنى دېگۈدەك ھەرگىزمۇ يۈزۈر كېيىنۋالماسلىقنى، سىرتقا چىققاندا تېلېفون ۋە پورتمال ئالماسلىقنى قايتا-قايتا جېكىلەپ تۇرغاچقا، ئۆزۈممۇ بەك دىققەت قىلدىم. ھېلىمۇ ئۇنتۇمايمەن، ئالدىنقى يىلى مېكسىكىغا بارغاندا ئىككى يانچۇقچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئىدىم. تېلېفونۇم ۋە پۇلۇمنى ئېلىۋالغاندىن سىرت، ئۈستۈمدىكى كاستيۇم-بۇرۇلكىنى سالدۇرۇۋالغان ئىدى. ئىككى يانچۇقچىغا قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك مۇشتتىن ئىككىنى يەپ ئامېرىكىغا ئاران كېلىۋالغانىدىم. شۇڭلاشقىمۇ بۇ قېتىم ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدىم. ئەمما مېنى تولىمۇ خوشال قىلغىنى، بۇ يەرنىڭ نوپۇسى 100 مىڭچە بولسىمۇ 12 ئالىي مەكتەپ بار ئىكەن. گەرچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولسىمۇ، ئەسلىھەلىرى ئانچە ئىلغار بولمىسىمۇ، بۇ بىلىم يۇرتلىرىنىڭ پۈتۈن رايوندىكى كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىدە مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى 60 ياشلىق روسا خانىمنىڭ بىر بىرىدىن ياخشى تەربىيىلەنگەن تۆت بالىسى بولۇپ، ھەممىسى شىپلادىكى سان كارلوس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، چوڭى ئادۋوكات، ئىككىنچىسى دوختۇر، يەنە بىرى بوغالتىر ۋە كەنجىسى يۇمشاق دېتال ئىنژېنېرى ئىكەن. روسانىڭ دېيىشىچە، يولدىشى بۇرۇن باشلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشتا پۇلدىن جىق قىسىلماپتۇ. بۇ دۆلەتتە ئالتە يىللىق ھەقسىز مەجبۇرى مائارىپ يولغا قويۇلغان. نۇرغۇن مايالار پۇلى بولمىغانلىقتىن، باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى پەقەتلا ئوقۇمايدىكەن. باشلانغۇچ مائارىپى ھەقسىز بولسىمۇ كىتاب پۇلى، مەكتەپ فورمىسى ۋە باشقا پارچە-پۇرات خىراجەتلەرنى يەنىلا ئۆز يېنىدىن چىقىرىشقا توغرا كەلگەچكە ۋە نۇرغۇن مايالار ئۈچۈن مۇشۇ پۇلمۇ جىق بىلىنگەچكە، باللىرىنى ئوقۇتۇشتا بەكلا قىينىلىدىكەن. سان كارلوس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ستاتىستىكا ۋە ھېساب تەكشۈرۈش دەرسلىرىنى بېرىدىغان پروفېسسور پېدرو خوسې مېئونىيو ئېسترادا مەن بىلەن كەچلىك تاماقتا پاراڭلاشقاچ، مايالارنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆتمۈشتە مۆجىزىۋى مايا مەدەنىيىتىنى ياراتقان مايالار بۈگۈنكە كۈندە مۇشۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. مەن بۇ ئائىلىنى بەكمۇ ياخشى كۆردۈم، لېكىن چايغا تۇز ۋە قىزىلمۇچ سالىدىغان ئادىتىگە كۆنەلمىدىم. يېڭى كەلگەن چېغىمدا ھەر كۈنى سەھەردىكى ناشتىلىقتا روسا خانىم مەندىن سورىمايلا كۆڭۈلچەكلىك بىلەن چېيىمغا تۇز ۋە قىزىلمۇچ سېلىپ قوياتتى، مەنمۇ كۆڭلىنى ئاياپ ئىچەتتىميۇ، دەردىمنى ئۆزۈملا بىلەتتىم. ئاخىرى چىدىماي چىرايلىق تەلەپپۇزدا: «بۇنىڭدىن كېيىن چايىنى ئۆزۈم قۇياي» دەپ ئىلتىماس قىلدىم. كېيىن قاراپ باقسام مايالار مەيلى چاي ئىچسۇن ۋە ياكى پىۋا ئىچسۇن، تۇز ۋە مۇچنى قوشۇپ ئىشلىتىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مەن تېخى ئېنىق بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم.

بۇ رايوندا كىشىلەر مايالار ۋە لاتىنلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مايالارنىڭ پەرقىنى ئېيتىپ بېرىش ناھايىتى ئاسان. مايالار پاكار، دىقماق ۋە تېرىسى قارامتۇل كېلىدۇ، دەپ ئۆتكىنىمدەك، ئاياللىرى ئۆزىنىڭ چىرايلىق كەشتىلەنگەن ئەنئەنىۋى كىيىمنى كىيىدۇ ۋە ياغلىق ئارتىدۇ. مايالارنىڭ سەيشەنبە، يەكشەنبە بازىرىغا بارغاندا ئۇلارغا قاراپ زوقلىنىپ قاراپ كېتىمەن، خۇددى ئانا يۇرتۇم ئاقسۇنىڭ دېھقان بازىرىدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. مايالارنى باشقىلاردىن ئايرىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى بولسا بويى ئېگىزلىكى، مايالار ئۈچۈن 165 سانتىمېتىر خېلى ئېگىز ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن بېرى كىم كۆرسە «مۇي ئالتو، مۇي ئالتو» يەنى «بەك ئېگىز» دېگىنىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ 177 سانتىمېتىرلىق بويۇم بۇلارغا ئېگىز كۆرۈنسە، ھەققىي بويى ئېگىزلەرنى كۆرسە تېخىمۇ ھەيران قېلىپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇدەك.

مايالار ناھايىتى دوستانە ۋە ئاقكۆڭۈل بىر مىللەت. بىر نەرسە سورىسىڭىز ئېرىنمەي-تېرىكمەي دەپ بېرىدۇ، ياردەم قىلىدۇ. ئۆيلىرىنى پاكىز تۇتىدۇ، مەيلى قانچىلىك نامرات بولۇپ كەتسۇن، پاكىز كىيىنىدۇ. لېكىن مەن بۇلارنىڭ بەزى قىلىقلىرىنى تېخىچە قوبۇل قىلالمىدىم. كەلگىنىمدىن بېرى ئەڭ كۆپ كۆرگىنىم كىشىلەرنىڭ باغچىلاردا ياكى كوچىلاردا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ھاجەت قىلىشى ئىدى. بىزنىڭ يۇرتلاردىمۇ بۇنداق ئەھۋال يوق ئەمەس بار. لېكىن بىزنىڭ كىشىلەر ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنى سەل دالدىغا ئېلىشنى بىلىدۇ، ئەمما بۇلاردا بۇنداق بىر ئۇقۇم يوقتەك. ھەر كۈنى دېگۈدەك مايا ئەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە دىققەت قىلماستىن، باغچىدا ئۆرە تۇرۇپلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىچىك تەرەت قىلغىنىنى كۆرۈپ، ياقامنى چىشلەپ سالىمەن. بۇ ئىش بىر قېتىملا بولمىدى، نەگىلا قارىسام ئوخشاش ئىش كۆزۈمگە چېلىقىدۇ. ئالدىنقى كۈنى مايا تىلى دەرسىمدىن چۈشۈپ ئوقۇتقۇچۇم سېرخيو بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىۋاتاتتىم، ئوقۇتقۇچۇم يولدا كېتىۋېتىپلا: «مۇستافا، بىر مىنۇت» دەپ چوڭ يولنىڭ ئۈستىدىلا سىيرىتمىسىنى ئېچىپ ئادەم جىق يەرگە قاراپ ھاجەت قىلىشقا باشلىدى، «ئاھ خۇدا، ئوقۇتقۇچۇممۇ شۇنداق قىلىۋاتىدىغۇ؟» دېگىنىمچە ئىچىمدە ئۈنى مىڭنى تىللاپ چىقتىم. ھاجەت قىلىپ بولۇپ ئوقۇتقۇچۇم كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەمدى ماڭايلى» دېۋىدى، مەن پەقەت چىدىيالماي:

-سېرخيو، يولدا بۇنداق ھاجەت قىلساڭ قانداق بولغىنى؟ مەن بۇ قىلىقنى پەقەت قوبۇل قىلالمىدىم. بۇ دېگەن چوڭ يول تۇرسا، يولدا كېتىپ بارغان خانىم-قىزلاردىن خىجىل بولامسەن؟ - دېدىم.

-ياق، بۇ دېگەن بىزدە ئادەت، ھېچقىسى يوق، ھېچكىم ئېغىر ئالمايدۇ، خالىساڭ سەنمۇ تەرەت قىلساڭ بولىدۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى ئوقۇتقۇچۇم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. تۇۋا، بۇنى قانداقمۇ ئادەت دېگىلى بولسۇن، بۇ بىر مه د ه نيه تسىزلىكقۇ ؟

ئۆيگە كىرىپ كەچلىك تاماق ۋاقتىدا روسا مومايغا دېدىم:

-دونيا (تويى قىلغان ئاياللارغا ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى) روسا، مەن بۇ يەرنى بەك ياقتۇردۇم، لېكىن بىر ئىشنى تېخىچە قوبۇل قىلالمىدىم.

-نېمىنى قوبۇل قىلالمىدىڭ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

-بۇ يەردىكى خەقلەر نېمانداق كۆرگەنلا يەرگە تەرەت قىلىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئاممىۋى سورۇندا باشقىلارغا ئېچىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ!

- ھاھاھاھا، بىز كۆنۈپ كەتتۇق، - دېدى موماي ئېرەڭشىمەي تۇرۇپ.

ئەگەر دونيا روسا «بۇ ئىش پەقەت قاملاشماپتۇ» دېگەن بولسا ئىدى، مەن «ھە، بۇ پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يامان ئىللىتى ئىكەن» دەپ چۈشىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھاجەت قىلغانلارنى كۆرسەم تويغۇدەك تەنبىھ بەرگەن بولاتتىم. لېكىن «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دەپتىكەن ئاتىلىرىمىز، موماي چېغىدا «ھېچقىسى يوق» دەۋاتسا، مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم!؟

مەن ياقتۇرمىغان يەنە بىر ئىش شىپلادا لالما ئىتلار بەك كۆپكەن. كىچىكىمدە ئىت قوغلاپ كەتكەن بولغاچقىمۇ، ئىتتىن بەكلا قورقىمەن. شۇڭا ئامېرىكىدىكى ۋاقتىمدا ئاچامنىڭ ئوغلى: «ئاكا، ئىت باقايلى» دەپ كۈندە يېلىنغان بولسىمۇ، قوشۇلماي ئاخىرى ئۇنىڭغا بىر مۈشۈك بېقىپ بەرگەن ئىدىم. سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن دوختۇر ماڭا غالجىر كېسىلىنىڭ ۋاكسىنىسىنىمۇ ئەملىگەن ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇرۇمغا مىڭ رەھمەت ئېيتتىم. بۇ يەردە كوچىدىكى ئىتنى كۆرسەم 40 مېتىر يىراقتا تۇردۇم. ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئىتلار ئادەمگە ئېتىلمايتتى، لېكىن يېرىم كېچە بولغاندا ھاۋشىپ پەقەت ئارام بەرمەيتتى. روسا موماي مەندىن ئەنسىرەپ: «ساڭا بىر شەخسىي شوپۇر تېپىپ بېرەيلىمۇ؟ سېنى خالىغان يېرىڭگە ئاپىرىپ قويىدۇ» دېگەندە، دەسلەپتە ماڭا بەكمۇ خوش ياقتى، لېكىن ئويلاپ باقسام مەن بۇ يەرگە تۇرمۇش ئۆگەنگىلى ۋە ماتېرىيال يىغقىلى كەلگەن تۇرۇقلۇق، شوپۇر ياللاپ يۈرسەم پەقەت ياراشمىغۇدەك. شۇڭا يەنىلا پىيادە مېڭىشنى تاللىدىم. بەزىدە ئۇزاقراق يەرلەرگە Chicken Bus دەيدىغان ماشىنا بىلەن باراتتىم. مەن بۇ گەپنى مەنىسى بويىچە «توخۇبۇس» دەپ تەرجىمە قىلىۋالدىم. توخۇبۇس ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىدا ئىشلىتىلىپ تاشلاندۇق بولۇپ قالغان مەكتەپ ماشىنىلىرى ئىدى. بۇ دۆلەتكە سېتىپ بېرىلگەندىن

كېيىن يەرلىكلەر بۇ ئاپتوبۇسلارنى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن بوياپ خېلى ئېسكەتلىك قىلىپ قويغان ئىكەن. بۇ ئاپتوبۇسلارنىڭ توخۇبۇس دەپ ئاتىلىشىدا ئىككى خىل سەۋەب بار. بىرى، بۇ توخۇبۇسلاردا 3 ئادەم ئولتۇرىدىغان يەرگە بەزىدە 7 ئادەم ئۈستى-ئۈستىگە ئولتۇرۇپ كاتەكتىكى توخۇدەك قىستىلىشىدۇ. ئىككىنچى سەۋەبى بولسا ماشىنىغا توخۇ، ئۆردەك، توڭگۇز، قوي دېگەندەك چارۋا ھايۋانلارنىمۇ ئېلىپ ماڭىدۇ. ھەر قېتىم توخۇبۇسقا چىققاندا توڭگۇزلارنىڭ چىرقىراشلىرى ۋە پۇشۇلداشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، توخۇلارنىڭ قاقىلداشلىرى قۇلاق مېڭەمنى يەپ، مېنى داد-پەرياد دېگۈزەتتى. «ئاھ خۇدا، نېمىشقىمۇ چىققانمەن؟ بەش سائەت كەتسىمۇ پىيادە ماڭسامچۇ» دەيتتىمىيۇ، ئامالسىزلىقتىن يەنە چىقىپ قالاتتىم. يەنە كېلىپ ماشىنا بەكلا كونا، يوللار خەتەرلىك بولغاچقا، مەنمۇ ماشىنا بىلەن تەڭ چايقىلىپ ئۈچەي باغرىم ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كېتەتتى.

گەرچە شارائىت مۇشۇنداق بولسىمۇ، كۆڭلۈم ئىنتايىن خۇشال ئۆتمەكتە. چۈنكى مەن ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن ئەمەسمۇ؟! ھەم بۇ يەرگە كېلىش ھەممە كىشىگە نېسىپ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىشىم ئۈچۈن بۇ جاپالارنى چەكمەي بولمايدۇ. مەن ئەسلى بۇ يەرگە پەقەت ئۈن تاۋۇش يىغقىلى ۋە تىل دەرسى ئالغىلى كەلگەنىدىم. ئەمما بۇ يەرگە كېلىپ ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر بەكلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئەگەر ئۇيغۇر جەمئىيەتشۇناسلارمۇ بۇ تەرەپكە كېلەلىگەن بولسا، تېخىمۇ جىق ئۇچۇرلارنى بايقاپ بىزنى سىستېمىلىق خەۋەردار قىلغان بولاتتى. مەن پەقەت ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمنى ئورتاقلىشىۋاتىمەن.

يېقىندىن بۇيان ۋاقتىم زىچ ئۆتۈۋاتىدۇ. كۆپىنچە ۋاقتىمنى چۈشتىن بۇرۇنقى ئىسپان تىلىنى كۈچەيتىش سىنىپىغا بەرسەم، چۈشتىن كېيىن تىل ماتېرىياللىرى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. مەن بۇرۇن دۆلەت ئىچىدىكى چەتئەل تىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ئىككىنچى چەتئەل تىلغا ئىسپان تىلىنى تاللىغان ۋە خېلى يامان ئەمەس ئۆگەنگەنىدىم. شۇ سەۋەپتىن مېكسىكىدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، گۋاتېمالا جۇمھۇرىيىتىگە كەلگەندىن بېرى ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بەش سائەتلىك ئىسپان تىلى كۈچەيتىش دەرسى ئالدىم. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىممۇ بەكلا ئالدىراش. جىقراق ماتېرىيال يىغىۋالاي دەپ نەدە ياشانغان بوۋاي-مومايلارنى كۆرسەم يېنىغا بېرىپ، كېلىش مۇددىئايىمنى ئېيتىپ، ماڭا ئازراق مايىچە سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن. بەزىدە زىيارەت قىلىدىغانغا ئادەم تاپالماي قالىمەن. مايالارنىڭ بەكرەك ياشانغانلىرى ئۆزىنىڭ تىلىنى بىلگەندىن باشقا 70 ياشتىن تۆۋەنلىرى ئاساسى جەھەتتىن بىلمەيدىكەن. بىلسىمۇ تۆۋەن سەۋىيەدە، پەقەت «مالتىيوش» يەنى «رەھمەت» دېگەندەك بىر نەچچە كەلىمە بىلىدۇ، خالاس. زىيارەت جەريانىدا ئۇلار ماڭا تىلىنى بىلمەسلىكىدىن ئىنتايىن ئازابلىنىدىغانلىقىنى دەپ كېلىۋاتىدۇ.



*مەزكۇر ماقالىگە كىرگۈزۈلگەن سۈرەتلەر تەكشۈرۈش داۋامىدا تارتىلغان.*

# ئۇ كېلىدۇ

خەندان

ئاق ئېتىنى بېرىۋەتكەن غېرىبلارغا
قانچە داۋان ئېشىپ ياياق ئۇ كېلىدۇ.
يۈزدە ئەلەم، غەم ـ غۇسسىنىڭ سايىسىدە
چۆللەردە ئىز يالاڭئاياغ ئۇ كېلىدۇ.
تامچە ـ تامچە كۆلۈمسىرەش يالتىرىغان
ھېچكىمى يوق، قەلبى ساياق ئۇ كېلىدۇ.
مەيلى، دەيدۇ، سۈرتۈلىدۇ شەبنەملىرىم
جاھان باشتا تۇتسا تاياق ئۇ كېلىدۇ.

يۈرىكىدە نۇر تۆكۈلگەن دەستىسى بار،
لەۋدە دۇئا، قولدا ھايا رەستىسى بار،
سەممىيەت يىپلىرىدىن كەشتىسى بار،
ساداقەتتىن ئېچىپ ۋاراق ئۇ كېلىدۇ.
بىر سېغىنىش تۇتاشتۇرغان رىشتىسى بار،
مارجان ئۈچۈن مېغىز، بادام، پىستىسى بار،
نە سېھرىيۇ جادۇلارسىز خەستىسى بار،
دەردىم ئىلە سولغۇن قاراق ئۇ كېلىدۇ.
مەن ئۇسسىغان باياۋاندا چەشمىسى بار،
چېگىشمىگە بىر داندىن يەشمىسى بار،
يۈرىكىمگە يۈرىكىدىن ئەشمىسى بار،
دەرتكە دەرمان، دەزگە ياماق ئۇ كېلىدۇ.

يىللار بويى كۆز ئۈزمىگەن ئەجەب بىلەن،
يېتەلمەيسەن، دېسە قەھرۇ ـ غەزەب بىلەن،
يول توسىغان سىناقلارغا سەۋەب بىلەن
ئۈمىدلەرگە تولغان چاناق ئۇ كېلىدۇ.
ئىخلاسىغا يامغۇرلاردىن تەلەپ بىلەن،
كۆلكىسىگە قانچە شانۇ ـ شەرەپ بىلەن،
مەن ماڭمىغان، ماڭالمىغان تەرەپ بىلەن
ئازارىمغا ئېلىپ ساناق ئۇ كېلىدۇ.
دۇنيارىمنى يورۇتقۇدەك ئەدەپ بىلەن،
قەلبىدىكى مەن ساقلانغان سەدەپ بىلەن،
مېھرلەردىن نەچچە يۈز ياق مىڭ سەپ بىلەن
ئۇھلىرىمغا سېلىپ تاقاق ئۇ كېلىدۇ.

گاھ مۇدۇرۇپ، گاھ يۈگۈرۈپ ئۇ كېلىدۇ،
ئاھ! دەردىمدە پۇچۇلىنىپ ئۇ كېلىدۇ،
كېلەلمىسە بۇگۈن، ئەتە نە ئارمىنىم؟!
بېھىشلەرنىڭ بىرىگە گەر بولسا كىرىش
بەخت بىلەن ئۇچۇرۇلۇپ ئۇ كېلىدۇ.

2016 ـ يىلى 3 ـ مارت

# تۆت شېئىر*

## گۈلنارە ئابلىز (قازاقستان)

### بىلىپ قالغىن ئۇيغۇر قىزىنى!

گۆزەللىكنىڭ ئەينىگى كۆزۈم،
ھەقىقەتنىڭ دەللىي سۆزۈم.
ھەسەل كەبى تاتلىقتۇر تىلىم،
قۇياش كەبى يورۇق ھەم دىلىم.

سۆيمىگەننى سۆيىدۇرگەن ئۆزۈم،
كۆيمىگەننى كۆيدۇرەر تۈزۈم.
كۈلمىگەننى كۈلدۇرگەن يۈزۈم،
نە ژىگىتنى ئۆلتۈرەر ھۆسنۈم.

ئىتىزلاردا ئىشلەپ ھارمىدىم،
يامانلارنى چىشلەپ خارلىدىم.
يامان يولغا چۈشمىدىم پاك مەن.
ھارام سۇنى ئىچمىدىم ساق مەن.

ۋەتىنىم دەپ سوقار ژۈرۈگۈم،
غېمىنى يەپ ئۆتەر ئۆمرۈم.
ئازاتلىقنى كىنەر ياش قەلبىم،
جان بېرىمەن سەن ئۈچۈن خەلقىم!

### «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!

ئۇلۇق ئاللا مەرگەن قىلىپ ياراتقان،
يېلتىزى چىڭ، مەشھۇر ئاللەمگە نامى.
غالىپ چىقىپ نە دۈشمەننى قاراتقان،
ئۇلۇق ئوغۇزخاندۇر بىلسىڭىز خانى،
راستىچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!

ئۇلۇق ئىپەك يولىنى ھەمراھ قىلغان،
يولداشىۋىتەك ئوغلانى مېچىت سالغان،
غالىبىيەتتە مەدھىيلەپ رەسمىن ئىلغان،
ئۇچقۇندەك سۇلھى دەپ مەرگىنى بولغان.
راستىچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!

ئۇلۇق "ئون ئىككى مۇقامى"، سازى بار،
يەر جاھاندا ھەممە تونار دۇتارىن.
غېرىپ كۆڭلىدە دەردى ھەم نازى بار،
ئۇزۇن كېچىدە ياڭرىتار شوخ تارىن.
راستىچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!

* «قازاقستان ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نىڭ توربىتىن ئېلىندى.

ئۇلۇق ماھمۇت قەشقەرىيدۇر داناسى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپنى بىلەر ھەممە خەق.
غۇلجا، قەشقەر، تۇرپان بولغان پاناسى،
ئۈچقۇر ئويلاپ، قىلار سۆز ـ گەپلىرى نەق.
راستچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!!

ئۇلۇق سادىر پالۋىنىدۇر ئەر ژۈرەك،
يېشى ئاققان نازۇكنىڭ ئۆكۈكۈرلەرگە.
غېنى دەپ باتۇرى بار كەڭ كۆكرەك،
ئۈلار دايىم شاتلىقنى كۆڭۈللەرگە،
راستچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!!

ئۇلۇق مىراسى تارىم، ئىلى، تەڭرىتاغ،
يەر جەننىتى تەكلىماكان چۆللىرى.
غەيرەتلىكتۇر، باسقان يېرى بولار باغ،
ئۈرۈپ سۈيىن تۇرار سايرام كۆللىرى.
راستچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!!

ئۇلۇق ئۆسەك دالاسىدا چوڭ بولغان،
يەركىتىنى كۈيلەپ ئۆتكەن خىلىلى بار.
غۇرۇر، ئىنساپ، ۋىژدان ژۈرەككە تولغان،
ئۈنتۇلماس مەرت ـ مەردانە ھۆر ئېلى بار.
راستچىل «ئۇيغۇر» دېگەن خەلق بار بۇ دۇنيادا!!

## ئايەم

ئۇلۇق ئاللا پۇرسەت بېرىپ ئىنسانغا،
كەلدى ئايەم نۇرىن چېچىپ دۇنياغا.
كەلدى ئامەت، كەلدى مېھىر ـ مۇھەببەت،
ئىمان بولسۇن ژۈرەكلەردە تائەبەت.

ھېيتلىشايلى، يوقلۇشايلى ژۇتداشنى،
دوست ـ بۇرادەر، قېرىنداشنى، قۇرداشنى.

ئاتا ـ ئانا قەلبى شاتلىققا تولسۇن،
بوۋا ـ موما دۇگاسى ئىجاۋەت بولسۇن!

بەخىت، ساقلىق، بېرىكەت يار بولسۇن دايىم،
خەلقىمىزنىڭ بېشىدا بولمىسۇن ۋايىم.
ئورۇنلانسۇن بۈگۈن ئېيتقان ھەر تىلەك،
ئەزىزلەر ھېيت ئايىمىڭلارغا مۇبارەك!

## سىنىڭ سۈرىتىڭ

ئەرەن

ئەينەككە قاراپلا كەتتىڭ ئۇھسىنىپ،
ئۇھسىنما، قەلبىمدە سۈرىتىڭ باشقا.
يۇلمىغىن ئاق چاچنى، ئۈندەيدۇ مېنى،
ھەرۋاقىت قەدرىڭنى بىلىپ ياشاشقا.

پەزىلەت، ۋاپاىڭ مەشۇتى بىلەن،
كەشتىلەر تىكتىڭ سەن قەلبىمگە مەھكەم.

سەن بىلەن گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك ھايات،
سېنىڭسىز چىن ئەمەس شادلىقىم، كۈلكەم.

رەسىملەر سىزسا گەر قەغەزگە رەسسام،
پارلايدۇ ئۇنىڭدا قارچۇقتىكى ئان.
دىلىمغا سەن سىزغان رەسىمدە ئەمما،
چاقنايدۇ مەڭگۈلۈك سۆيگۈ، ھاياجان.

# شېئىرلار*

## ئۇيغۇرۇمنىڭ قىزىمەن

سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان)

دۈشمەنلەرگە بويسۇنماي، ۋىژدانىنى ساقلىغان،
قانچە ئازاپ چەكسىمۇ، هار-نومۇسىن ساتمىغان.
كىر ژۇقتۇرماي ژىسمىغا، ئانا سۈتىن ئاقلىغان،
كۆرمىگ قىسمەت كەلسىمۇ، ھەقىقەتنى ياقلىغان.
مەڭگۈ ئۆچمەس نامى بار - نازۇگۇمنىڭ ئىزىمەن!

كۆرگەن ئىنسان مەپتۇن بولغان پەرىزاتتەك يۈزىنى،
تالاي سەۋدا ئارزۇ قىلغان بىر كۆرسەم دەپ ئۆزىنى.
ئەتىر گۈلنى خىجىل قىلغان ئىپار كەبى پۇرىغى،
قاشى قارا، ساچى سۇمبۇل، كۆزى مۆلدۈر بولۇغى
ئايپەرىدەك ھۆسنى بار - ئىپارخاننىڭ ئىزىمەن!

بۇلبۇل كەبى ئاۋازىدا ژۈرەكلەرنى تىترەتكەن،
ساتار بىلەن سەنئىتىمىز گۈلزارىنى گۈللەتكەن.
ئەمگىگىدە بۆيۈك نامى بار ئالەمگە پۇر كەتكەن،
مۇقاملىرىن باھاسى يوق، ئەلگە مىراس قىپ كەتكەن.
تارىخىمدا سازى بار - ئامانىساخان ئىزىمەن!

زاماننىڭ تىپچىلغى بولغان ئارزۇ-تىلىگى،
تىنى ئاجىز بولسىمۇ، قەيسەر بولغان ژۈرىگى.
قانغا بويۇلۇپ جەڭلەردە، ئاپپاققىنە بىلىگى،
ئازاتلىقنىڭ يولىدا پىدا قىلغان جېنىنى.
قەھرىمانلىق روھى بار - رىزۋانگۈلنىڭ ئىزىمەن!

نازۇگۇمنىڭ ساداقىتى جان-تېنىگە تارىغان،
ئىپارخاندەك قىياپىتى تولۇن ئايدەك پارلىغان.
ئامانىسا مۇقامىدا داڭقى ئالەم چارلىغان.
رىزۋانگۈلدەك ئىرادىسى مەشئەل بولۇپ چاقنىغان.
نامى مەشھۇر ئالەمگە، مەن ئۇيغۇرنىڭ قىزىمەن!
ئەژدادىمنىڭ يولىنى داۋام ئېتەر ئىزىمەن!

## يەنىلا شۇ ئاتا-ئانام!

مېنىڭ ئۈچۈن غەم يەيدىغان،
كىچە-كۈندۈز ئەنسىرەيدىغان.
ھېچ كىمگە زار ئەتمەيدىغان.
قەدىردانىم ئاتا-ئانام!

يالغۇز تاشلاپ كەتمەيدىغان،
رەنجىتسەممۇ، كەچمەيدىغان.
ياتسا-تۇرسا مەن دەيدىغان،
مېھرىۋانىم ئاتا-ئانام!

* «قازاقىستان ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نىڭ تورىدىن ئېلىندى.

مەنىسىز سۇمۇ ئىچمەيدىغان،
گېلىدىن ئاش ئۆتمەيدىغان.
قارىچۇغىدەك ئاسرايدىغان.
ۋاپادارىم ئاتا ـ ئانام!

بارىن ماڭا ساقلايدىغان،
يامانلاردىن ئاقلايدىغان.
تىل ـ كۆزدىنمۇ ئاشلايدىغان.
بېغۇبارىم ئاتا ـ ئانام!

ئەجرىن پەرىز ئەتمەيدىغان،
ئۆز دەردىنى ئېيتمايدىغان.
مۇھەببىتى ئۆچمەيدىغان،
بار بايلىغىم ئاتا ـ ئانام!

بىزلەر ئۈچۈن ياشايدىغان،
ژىراققا كۆز تاشلايدىغان.
ئالغا مېنى باشلايدىغان،
يەنىلا شۇ ـ ئاتا ـ ئانام!

## خىزمەتنى دەپ...

تاڭنىڭ ئېتىپ، كۈن پېتىشى تېزلىدىمۇ بىلمىدىم؟!
ئارامىخۇدا، بوش ژۈرگەن مەن، بىرمۇ ئىنسان كۆرمىدىم.
ئۇقەت پۈتمەس، هەر بىرىمىز ئىشقىپ دايىم ئالدىراش،
شۇنداق ئىشتىك مېنىڭ مۇ هەم ئۆتمەكتىغۇ كۈنلىرىم.

جان بېقىش دەپ، كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەيمىز،
خىزمەتنى دەپ،ئۆزىمىزدىن باشقىلارنى كۆرمەيمىز.
ساراي سېلىپ،تۇلپار مىنىپ، بەس ـ بەسلىككە باغلىنىپ،
قىزغىنىشتىن، بىر پەس هەتتا ئېچىلىپمۇ كۈلمەيمىز.

كۈن بىلەن تەڭ ئۆيدىن چىقىپ، خىزمەتنى دەپ ژۈگرەيمىز،
ئاتا ـ ئانا، بالا ـ جاقا ئەھۋالىنى هەم بىلمەيمىز.
سەۋەپ بىرلا، ئاخچا كېرەك، باشقا ئىشقا ۋاقىت يوق...
نېمە ئۈچۈن، ئۆزىمىزگە بىر پەس ۋاقىت بۆلمەيمىز؟!

مانا شۇنداق ئالدىراش، نېمە مەخسەتتە ياشايمىز؟
ئىش بىلەن ئۆي يولىدىن ژىراققىمۇ ئاشمايمىز...
ۋاقىت ئەمەس، كۈنمۇ ئەمەس، ئۆتۈپ بارغان هاياتقۇ؟
قاچانغىچە خىزمەت دەپ، پاي ـ پېتەك بوپ ياشايمىز؟!

ئاخىرقى رەت قاچان كۆردۇق ئاتا ـ ئانىمىز يۈزىنى؟
تىڭشىدىقمۇ زېھىن قويۇپ پەرزەنتلەرنىڭ سۆزىنى.
قوم ـ قېرىنداش، خولۇم ـ خوشنا يات بولدىمۇ ئەندىزە،
خىزمەتنى دەپ، تالاي ئىنسان كور قىلماقتا كۆزىنى.

ئۆمۈر ئۆتەر، بۇ دۇنياغا ئۆلسەك قايتىپ كەلمەيمىز.
پۈل يولىغا چۈشمىز دەپ قەلبىمىزنى كىرلەيمىز.
هەر ئاتقان تاڭ يېڭى بىر كۈن، بىزلەر ئۈچۈن ئاق ۋاراق.
قېنى، دوستلار، شۇ ۋاراقنى بەخت بىلەن گۈللەيمىز!

## كۈلكەم بىلەن...

ھاياتىمنى خوشاللىققا بۆلەش ئۈچۈن،
قېرىنداشنى قورغان بولۇپ يۆلەش ئۈچۈن،
دەرتلىرىمنى بەخت بىلەن تۆلەش ئۈچۈن،
مۇڭلىرىمنى يوشۇرىمەن كۈلكەم بىلەن.

دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىگە چىداش ئۈچۈن،
تۈنلىرىمنى تاڭلار بىلەن ئۇلاش ئۈچۈن،
ژۈرىگىمنى ئازاپلاردىن قوغداش ئۈچۈن،
مۇڭلىرىمنى يوشۇرىمەن كۈلكەم بىلەن.

ئاتا ـ ئانامنىڭ بار ئۈمۈتىن ئاقلاش ئۈچۈن،
سىناقلاردىن سۈرۈنمەي ئاتلاش ئۈچۈن،
قەلبىمدىكى ئىرادەمنى ساقلاش ئۈچۈن،
مۇڭلىرىمنى يوشۇرىمەن كۈلكەم بىلەن.

كۆرەلمەسنىڭ غەزىۋىگە تېگىش ئۈچۈن،
ئالغا قويغان مەخسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن،
ئەتراپىمغا شاتلىق نۇرىن چېچىش ئۈچۈن،
مۇڭلىرىمنى يوشۇرىمەن كۈلكەم بىلەن.

بۇ دۈنيانى مەڭگۈ سۆيۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن،
شىرىن ـ شېكەر ئوي ـ خىيالغا چۆكۈش ئۈچۈن،
پۇشايمانسىز گۆزەل ئۆمۈر سۈرۈش ئۈچۈن،
مۇڭلىرىمنى يوشۇرىمەن كۈلكەم بىلەن.

## شەخسىيەتچىگە مەرسىيە

رائۇف پارفى (ئۆزبېكىستان)

ھېچ كىمگە ئىشەنمىدىم يورۇق دۇنيادا.
ئىشەنمىدىم ئاتامغا، ئانامغا ئىشەنمىدىم،
بالامغا ئىشەنمىدىم، مەن— ئۆزەم
ھېچكىمنى سۆيمىدىم، ھېچكىمنى،
باشقىسىنى تىلغا ئالمىدىم ھەتتا.

مېنى تۇغقان ئانام ئۆلدى،
يەنىلا قاتتىق ئۆزەمنى سۆيدۈم،
مەن يالغۇز ياشىدىم، ئۆزەمنىڭ،
ئۆلۈشىمنى كۈتۈپ يەتمىش يىل،
مازىرىمدا راسا تويۇپ يىغلىماق ئۈچۈن.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇرات ئورخۇن

## بىر ئېغىز سۆز*

مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋ (1922—1993، قىرغىزىستان)

مەيلى ناتىق بول، مەيلى تىلشۇناس،
قالدۇرغىن ماڭا بىرلا ئېغىز سۆز.
تىلەك ـ ئىستىگىم بايلىقمۇ ئەمەس،
دېمەيمەن ئالتۇن ئۈزۈك، ياقۇت كۆز،

بىر سۆز كېرەكتۇر قەلبكە ئەزەلدىن،
بىلىشەر كىملەر مۇنچە قەدرىنى.
ئۇنىڭسىز بەختنىڭ بولمىساس تۈگەل، چىن،
تارتىسەن ئۇسىز ھىجران دەردىنى.

جۇدالىق، ھەسرەت شورى قۇرۇسۇن،
بولماي گاداي ئەشۇ بىر سۆزنى.
بەختىم تۇغلىرى لەپىلدەپ تۇرسۇن،
پوستىدادۇرمەن ئانا يۇرتۇمنىڭ.

ساڭىمۇ يېقىن بۇ سۆزۈم بەلكى،
بىرپىتۇ ژۈرەك شۇنچىلىك ئۇرۇن.
ۋەتەن دېگەن سۆز كۈچ ۋە قۇدرەتكى،
ئەركىم ئەزەلدىن شۇ بىلەن پۈتۈن.
1977 ـ ژىلى، ئىيۇل

## ئىنسان بىر يۇتۇم...

نەجىپ فازىل قىسا كۈرەك (تۈركىيە)

دېڭىز ۋە قۇياش پاتقان يەردە،
بىلىپ قوي، يىپپېڭى ئۈمىدلەر كۆكلەر،
كۈندۈز پۈتكەن، زۇلمەت باسقان يەرگە،
كۈتۈپ تۇرغان تۈن ھايالسىز ئۈنەر.

نېملا بولمىسۇن تۈگەيدۇ بۇ تۈن،
قالدۇرۇپ ئورنىنى كۈنگە، كۈندۈزگە،
دەرەخلەر ياپيېشىل، شۇنچە جىلۋىگەر،
ياشايمەن ئەمدى بۇ يېڭىچە كۈندە.

دېڭىز بىلەن قۇياش قوشۇلغان يەردە،
ئۈمىدلەر ھاردى، ، تامام تۈگەشتى،
كۈندۈز پۈتسىمۇ، زۇلمەت كەلسىمۇ
ئىنسان بىر يۇتۇم ئويلاپ قويمىدى...

*تۈركچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان*

* «قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.

## قوشاقلار[1]

ئابدۇلجان ئازنباقىئېۋ (قازاقستان)

قىزىل گۈلگە مەھلىيا
بۇلبۇل سايرار سەھەردە.
بىر ئۆزەڭنى نىگارىم
سېغىنىمەن شەھەردە.

كۆكتە كۈلۈپ تولۇن ئاي
يورۇتىدۇ جاھاننى.
باققا كىرىپ تويغىچە
سۆيۈۋالاي جاناننى.

كۈزمۇ كېلىپ زەپىرەڭ
باغنى غازاڭ ئەيلىدى.
ئەشۇ يارىڭ سۆيسىغۇ
مەندەك سېنى، مەيلىدى.

ئاخىرقى رەت كۆرۈشكەن
باھارمىدى، يازمىدى؟
مېنى مۇنچە قىينىما
ئۆز دەرتلىرىم ئازمىدى...

كۆزلۈك مۆلدۈر، لېۋىڭ بال،
ھۆسنىڭىزگە بولدۇم لال.
تا ئەبەتكە بول يارىم
ئەي، گۈزەل قىز ئايجامال.

بۆك ئۈسۈپتۇ تېرەكلەر
رېتى بىلەن كۆلگىچە.
لەيلىم بولغىن سەن ماڭا
مەزنۇنىڭمەن ئۆلگىچە.

تاغدا ئۇزاق ھۇۋلايدۇ
چىل بۆرىسى ھەر كۈنى.
قەست دۈشمەنىڭ يولىدىن
ئېلىپ قاچاي يار سېنى.

قىز بار ئۆيدىن ھېچ قاچان
كەتمەس ئامەت ـ بەرىكەت.
زۈرىگىمدە ئۆچمەيدۇ
ساڭا دېگەن مۇھەببەت.

بۇلاق سۈيىن كاككۇكۇم
قۇلاق يېقىپ ئاڭلايدۇ.
ئەل ئىچىدە ناخشىمىز
يارىم تالاي ياڭرايدۇ.

## ئوغلۇمغا[2]

خەيرىنسا تۇردى (قىرغىزستان)

دىلىمدىن سېنى سۆيىمەن ئوغلۇم،
ئارزۇلىرىمنىڭ قانىتى ئۆزەڭ.
قولۇم يەتمىگەن پەللەم نىشانىم،
كېلەچىگىمنىڭ ئامىتى ئۆزەڭ.

شۇڭلاشقا ساڭا تەشنالىق بىلەن،
ئانىلىق مېھرىدىن نۇر چاچىمەن.
ئىستىقبالىڭنى ئويلاپ دايىما،
ئۇمۇتلىرىمگە ئىشىك ئاچىمەن.

سېنىڭدىن كۈتەر ئارمىنىم بىرلا،
ئانىلىق سۈتۈم ئاقلىسىڭ بەختىم.
ۋەتەن، خەلقىڭگە كېرەك ئادەم بوپ،
خىزمىتىن قىلساڭ، شۇدۇر تاج تەختىم!

1982 ـ ژىلى

[1] «قازاقستان ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نىڭ تورىدىن ئېلىندى.
[2] «قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.

# ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدىن

جانغا چۇن دەرمەن نە ئەردى ئۆلمەكىم كەيفىيەتى ؟
دەركى بائىس ئەردى جىسم ـ ئىچرە مەرەزنىڭ شىددەتى

جىسمدىن سورسامكى بۇ زەئىفلىگە نە ئەردى سەۋەب
دەر ئاڭا بولدى سەۋەب ئۇتلۇق باغرىنىڭ ھىرقەتى

چۇن باغرىدىن سوردۇم ـ ئايتۇر ئاندىن ـ ئوت چۇشتى ماڭا
كىم كۆڭۈلگە شولا سالدى ئىشق بەرقى ئاپەتى

كۆڭلۈمە قىلسام غەزەپ ئايتۇركى كۆزدىندۇر گۇناھ
كۆرمەيىن ئول چۇشمەدى بىزگە بۇ ئىشنىڭ تۆھمەتى

كۆزگە چۇن دەرمەنكى ئەي تەردامەنۇ يۈزى قارا
سەندىن ـ ئۆلمىش خەستە كۆڭلۈمنىڭ بالاۋۇ ۋەھشەتى

يىغلاپ ـ ئايتۇر كۆزكى يوق ئەردى ماڭا ھەم ئىختىيار
كىم كۆرۈندى ناگاھان ئول شوخى مەھۋەش تەلئەتى

ئەي نەۋايى بارچە ئۆز ئۆزرىن دىدى ئۆلگۈنچە كۆي
كىم ساڭا ئىشق ـ ئوتى ئوق ئەرمىش ئەزەلنىڭ قىسمەتى

«فەۋايىدۇل كىبەر» (چوڭلۇق پايدىلىرى)
تەييارلىغۇچى: ئەلدەر (فرانسىيە)

# ئايرىلىش

## تەۋپىقە

قۇياش پارلاپ يېتىپ كەلدى جەم بولۇشنىڭ پۇرستى،
سىغىنىشلىق يۈرەكلەرنى چۇلغىۋالدى ھاياجان.
ۋىسال ئىزدەپ تېپىرلايدۇ ئالدىراڭغۇ مىنۇتلار،
سائەتلەرنىڭ تەقەززاسى ساداسىدىن نامايان.

ئايلار ئۆتۈپ جەم بولۇشتۇق ياخشى كۈنلەر ئىلكىدە،
ۋىسال تاپتۇق يۈرەكلىرىمىز تەشنالىقى قانغۇچە،
ئەپسۇس دىدىم، بۇ ئۇچرىشىش روي بەرمىدى ئۇزاققا،
ئايرىلىشتىن ئۇچۇر كەلدى يىللارغا ئىز سالغىچە،

ھەسرەت بىلەن ئايرىلدىغۇ تىپچەكلىگەن يۈرەكلەر ،
بۇ ئايرىلىش قىسقا ھىجران، ئەمەس مەڭگۈ جۇدالىق .
قەلبىمىزدە لاۋۇلدايدۇ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى،
بۇ مۇھەببەت ۋىسال ئۈچۈن قىلىدۇ جان پىدالىق.

# قاغا بىلەن قارلىغاچ*

تۇرسۇن زىردىن

ياشايدىكەن يېزىدا
قاغا بىلەن قارلىغاچ.
قاغا يوغان قاپقارا،
قارلىغاچ كىچىك ئالمىغاچ.
ئۆتكۈزەركەن تۈنلەرنى
قاراڭغۇدا يەپ ۋايىم.
ئاڭا دەپتۇ قارلىغاچ:
- تۈن يورۇسا ھەر دائىم.
كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي كەپتۇ.
قارلىغاچ ۋە قاغىنىڭ
تىلەكلەرى خۇش كەپتۇ.
بىر كۈنىسى كېچىدە
لامپۇچكىلار ئۆچۈپتۇ.
ئايدەك يورۇق يېزىنى
قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ.
قارلىغاچ ئويلاپ بۇ ھالنىڭ،
يېتەلمەپتۇ تەكتىگە.
بىلەر قاغا سوراي دەپ،
قالدۇرۇپتۇ ئەتىگە.
ئەتىگەندە قاغىنىڭ
ئۇچۇپ كەپتۇ ئالدىغا.
سالام بېرىپ سوراپتۇ
تارتىپ ئۇنى دالدىغا:
- قاغا ئاكا، كېچىدە
ئۆچتى ھەممە لامپۇچكا.
بىلەلمىدىم سىرىنى
نېمە ئىشتۇ بۇ ئاكا.
قاغا ئەسلا بىلمەيتتى،
لامپۇچكىنىڭ سىرىنى.
ئۆگەنمىگەن زادىلا
توك دېگەننىڭ تىلىنى.
بىلمىگەننى بىلدىم دەپ،
گەپ باشلىدى كېرىلىپ.
راستۇ دەپ قارلىغاچ،
تىڭشىدى بەك بېرىلىپ،
- قاپاق كاللا قارلىغاچ،
ئەقلىڭ تۈگەپ كەتتىمۇ؟
بىكار قىلدىڭ ئاۋارە،
مۇشۇ كىچىك ئىشقىمۇ؟
لامپۇچكىنىڭ ئۆچكىنى
پىلىك، مېيى تۈگىگىنى.
بولمىسا گەر ماي، پىلىك،
سىم چىراغىنىڭ پۈتكىنى.
قارلىغاچ قايىل بولمىدى،
قاغا بەرگەن جاۋابقا.
جاۋاب ئالماق بولدى ئۇ،
يەنە يېڭى سوراققا.
- لامپۇچكىنىڭ خىلى كۆپ،
خىلىدىنمۇ سانى كۆپ،
پىلىك، مېيى بارنىڭ،
تەك تۈگەمدۇ-تەك ئۆچۈپ؟
قاغا تۈردى قاپاقنى،
سىلىپ تۈۋەن قاناتنى.
ئۇيان-بۇيان ئالچاڭلاپ،
بەردى يەنە جاۋابنى:
- ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆر،
قاپاق، نوغۇچ چىراغنى.
شۇ چاغدا بىلىسەن
پىلىك، مېيى تۈگىگەننى.
قارلىغاچ بېرىپ قارىدى
ھەر چىراغنىڭ تۈۋىگە.
ھەممىسدە پىلىك، ماي
كۆرۈنمەدى كۆزىگە.
قارلىغاچ ئەمدى ئىشەندى سۆزىگە.
بىلىدىكەن قاغاكام،
دېدى شۇئان ئۆزىگە.
قارلىغاچ كەتتى نەگىدۇ،
يۈردى ئويناپ پىرقىراپ.
كەچ كىرگەندە يېزىغا
قايتتى ئۇچۇپ غۇرقىراپ.
كەلسە چىراغ يېنىپتۇ،
قاراڭغۇلۇق ئۆچۈپتۇ.

* «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشر قىلغان «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى

نۇر ئىچىدە ئىرغىلاپ
قاغا بايمۇ يۈرۈپتۇ.
ھەيران بولۇپ قارلىغاچ،
ھەر چىراققا بىر باقتى.
چىراغلارنىڭ ئىچىدە
بىرتال پىلىك، ماي يوقتى.
قارلىغاچ بەك ھەيران بوپ
قاغا باينى توردى.
بىلىۋېلىش ئۈمىدىدە،
ئۇ مۇنداق سورىدى:
ـ قاغا ئاكا ، لامپۇچكا
يېنىپ كەتتى پارقىراپ.
پىلىك، ماينى كۆرمىدىم
ھەر بىرىگە قاراپ.
قاغا قاراپ چىراغقا،
قالدى بىردەم ئويلىنىپ.
بەردى جاۋاب خۇيلىنىپ:
ـ زېھنى ئالا ئالمىغاچ،
جىن كۆزۈڭدە قارىغاچ،
كۆرەلمەيسەن زادىلا
ئويلاپ ئەقىل تاپمىغاچ.
لامپۇچكىنىڭ ئىچى ـ تىشى
بىرخىل سىردا سىرلانغان.
قاغا باينىڭ جاۋابى
تۈگۈمەيلا غاز كەلدى.
يالغان جاۋاب راستچىغا
ئەجەب ئۇيات ـ ئار كەلدى.
قاغا ئېغىز يۇمغاندا
غازباي كۈلدى قاقاقلاپ.
دېدى ئاندىن قاغىغا:
ـ ئېيىتقانلىرىڭ بارى لاپ.
لامپۇچكىغا پىلىكمۇ
سېلىنمىغان ئەزەلدىن.
پۈتەي تۇرسا لامپۇچكا،
ماي قۇيىدۇ قەيەردىن؟
توك ئېقىم سىم ئارا
كەلسە يانار لامپۇچكا.
ئاشۇ ئېقىم توختىسا
ئۆچەر دەرھال لامپۇچكا.
يالغان ئېيتىش ئۇيات ئىش،
چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئالدىدا.
يالغانچىلىق ھەركىمنى
قالدۇرىدۇ ئارقىدا.
بىلگىنىڭنى بىلدىم دە،
كۆرگىنىڭنى كۆردۈم دە،
بىرى سۇئال سورىسا،
توغرىسىنى سۆزلەپ بە!
قاغا تۇرۇپ قىزاردى،
بويۇن قىستى، ئۇيالدى.
يالغىنىغا تووۋا، دەپ
ئۇۋىسىغا يول ئالدى.

# شېئىرلار*

مولوتجان توختاخۇنوف (قازاقستان)

## ئۆمۈر بويى بالا بولۇپ ئۆتۈمىز...

تۇغۇلىمىز ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن،
نۇر ياغدۇرۇپ يېقىنلىرىڭ چېھرىدىن.
تونۇمىغاچ بۇ ھاياتنىڭ سىرلىرىن،
گۆدەكلىكتە نىرى ھايات غېمىدىن.

تۇنجا قەدەم باسقىنىڭدا دەم تۇرۇپ،
ئاتا ـ ئاناڭ تۇرار مەغرۇر تولغىنىپ.
باللىقتا تاياچىڭ كۆپ، ھەتتاكى،
ھەمراھ بولار چۆچۈپ كەتسەڭ ئوخىنىپ.

* «قازاقستان ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نىڭ توردىن ئېلىندى.

مۇسۇلمانلىق بورچىنىمۇ ئادا قىپ،
ئاتا ـ ئانانىڭ ژۇتقا قىلار چوڭ سۆننەت.
چوڭ بولدۇڭ دەپ تەبرىكلىسە ئاتىلار،
سەبىلەردەك قويۇسەن سەن ئەركىلەپ.

چوڭ بولدۇم دەپ كەلسەگمۇ سەن ئون ياشقا،
قىلغان ئىشنى دەيدۇ چالا ھەم چاغلىق.
قانچە ئىنتىل بولار سەندە كامچىلىق،
چۆنكى سەندىن كەتمەس بۇ پەيت بالىلىق.

كەلسەگمۇ سەن ژىگىرمىگە ئەر يېتىپ،
ئاتا ـ ئانانىڭ ئۆچۆن لېكىن سەن گۆدەك.
ماڭساڭمۇ سەن يە ئوقۇشقا، ھەربىيگە،
كۆتەر يولدا دايىم سېنى ئەنسىرەپ.

ئۆكۆز كەبى بولساڭمۇ سەن ئوتتۇزدا
بالا كەبى ئويۇڭ سېنىڭ ئويۇڭدا.

بالاڭ بىلەن ئويناپ سەكرەپ كېتىسەن،
ئوينىسىمۇ ئوغۇل ـ قىزىڭ قويىنۇڭدا.

يەتكەندە سەن ئەندىلىكتە قىرىققا،
ئۆگىنىسەن گەپ بەرمەس يوق قىلىققا.
بالا ئوخشاش كېلىشەلمەي بالاڭغا
بۇرالمايسەن گەپنى ھەجەپ سىلىققا.

كۆرسەتكەندە يېشىڭ سېنىڭ چوڭ ئەللىك،
بىلگىن ئەندى كەتتى سەندىن مەنمەنلىك.
سەبىلەردەك ھەر ئىشتا جىم بولۇسەن،
كەتمىسىمۇ ھېچ بىر سەندىن سەۋەنلىك.

شۇنداق دوستلار ئاتمىشىنىمۇ كۆرۆمىز،
بەلكى كۆرمەي كۆز ژۇمۇپ ھە ئۆلۆمىز.
تويمايمىز بىز ھاياتلىققا ھە چۆنكى،
ئۆمۆربويى بالا بولۇپ ئۆتۆمىز.

## ۋەتەننى سېغىنىش

تالان ـ تاراج ئېتىپ ئۆتمۆش تارىخىمنى،
نەپ بىرەرمۇ ئېيتىڭىزنە، جان خەلقىم ئاڭا.
بەربىر ھېچ يوقىتالماس بايلىغىمنى،
ئۆز تارىخىم ماڭا خاستۇر، پەقەت ماڭا.

مۆلدۆرلىگەن مىللىئونلىغان قارا كۆزلەر،
ئىشىنىمەن ياۋغا ھەرگىز بېشىن ئەگمەس.

جاي ـ جايلاردا مۇساپىر بوپ ژۆرگەن خەلقىم،
كۆنلەر كېلەر ھەتتا ئاھۇ ـ پۇغان چەكمەس.

سادىق بولۇپ كۆڭۆلدىكى بىر ۋەدەمگە،
قانات پۆتۆپ ئۇچقۇم كېلەر جان ۋەتەنگە.
مەن ژىراقتا مۇڭلۇق ناخشا ئېيتقان بىلەن،
ئەڭ مۇھىمى ـ ئۆمۆت رىشتىم بار ئەتەمگە.

## كۆڭۆل

كۆڭۆلنى دەيمىز ئىنساننىڭ ئەكسى،
بەزەن يېقىملىق، بەزىدە ۋەھشى.
بەلگۆلۆك ئىسپات بولمىغاچ ئۇنىڭ،
شۇڭا ئۆمۆرمۇ بولماسكەن تەكشى.

كۆڭۆل گويا چۆل چۆشۆنۆپ بولماس،
قاغجىراپ قالسا ئورنى ھېچ تولماس.
مىڭ جاپا كەلسۇن بەزەن ئۇ توغراق
ئىرادىسى چىڭ مىڭ ژىلچە سولماس.

سۆيگۆ ھەم كۆڭۆل بىر تۇققان ئەسلى،
بىر بولسا ئۇلار ھايات ياز پەسلى
قەلبتىن چىققان ئىككى خىسلەتكە
ھاۋادەك ھاجەت يارىنىڭمۇ ۋەسلى

كۆڭۆلگە ئازار ئۇ ئۆمۆرگە ئازار،
ئادىمىيلىكتە ئىنسان پاكلىغى.
دىللاردا يانسۇن مېھىر ـ مۇھەببەت
مەڭگۆلۆك بولسۇن كۆڭۆل شاتلىغى.

# ئۈچ تىل

بەدرى راھمى ئەيۈپئوغلۇ (تۈركىيە)

ئەگەر ئاز دېگەندە ئۈچ تىل ئۆگەنسەڭ
ئەگەر ئاز ئۈچ تىلدا
ئاندىن تۇغما تۈپتۈز مېڭىپ كېتىسەن

ئەگەر ئاز دېگەندە ئۈچ تىل ئۆگەنسەڭ
ئەگەر ئاز ئۈچ تىلدا خىيال سۈرۈپ،
ئۈچ تىلدا چۈش كۆرسەڭ
ئەگەر ئاز بولغاندا ئۈچ تىل
بىرسى ئانا تىلىڭ
قولۇڭ، پۇتۇڭدەكلا سېنىڭ
ئانا سۈتىدەكلا بىكارغا
ئەللەيلەر، چۆچەكلەر، سەت گەپلەرمۇ سوۋغا
باشقىلىرى يەتتە قات ناتونۇش
ھەر بىر سۆز شىرنىڭ ئېغىزىدا
ھەر بىر سۆزنى بىرمۇ ـ بىر تىرناقلىرىڭدا
يىلتىز قومۇرغاندەك قومۇرۇپ چىقىرىسەن
ھەر سۆزدە خىش تىزغاندەك ئىگىزلەپ
ھەر سۆزدە بىر قەۋەت ئۆرلەيسەن

ئەگەر ئاز دېگەندە ئۈچ تىل ئۆگەنسەڭ
ئەگەر ئاز ئۈچ تىلدا
قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن دېيىشنى
قىزىلگۈلنىڭ كۆكىمۇ بار دېيىشنى
يا بايدىن چىقارمىز، يا سايرامدىن دېيىشنى
ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ئارپىدىن بولسۇن دېيىشنى
ئۆچكىنى ياردىن ئۇچۇرغان بىر تۇتام ئوت دېيىشنى
ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى ئېكسپىلاتاسىيە قىلىشى
رەزىللىكنىڭ ئەگەر يوقسەك پەللىسى دېيىشنى
يەنە نېمە بولسۇن
گۈلدۈر ـ گۈلدۈر دېيىشنى بىجىرىسەن

ئەگەر ئاز دېگەندە ئۈچ تىل ئۆگەنسەڭ
ئەگەر ئاز ئۈچ تىلدا
ئاندىن تۇغما تۈپتۈز يۈرۈپ كېتىسەن
ئەگەر ئاز بولسا ئۈچ تىل
چۈنكى سەن مەيلى تارىخ ۋە مەيلى جۇغراپىيە
يا بۇ ۋە ياكى شۇ بولسۇن
ئوغلۇم مەرنۇس
سەن ئاپتوبۇزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر مىللەتنىڭ پەرزەنتىسەن

*مۇھەممەتئېلى نىياز ئۇيغۇربەگ تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان*

# ئىككى چۆچەك

دىلرابا روزىيېۋا (قازاقستان)

## خالباتۇر

بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا باغچى دېگەن شەھەر بوپتۇ. شەھەر ناھايىتى گۈزەل، باي بولۇپ، ئادەملىرى ئىناق، خاتىرجەم ياشاتتىكەن. كۈنلەرنى ئايلار، ئايلارنى يىللار قوغلاپ ئۆتۈپ، تىنىچ ياتقان ئەل ئىچىگە بالا-قازا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بولسىمۇ، زالىم، قانخور باشكېسەر دېگەن پادىشا ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن بېسىپ كىرىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىپتۇ.

شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ مىلىنى بۇلاپ زار قاخشىتىپ، پاراۋەن تۇرمۇشىنى بۇزۇشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشانى قارا بېسىپ، ناھايىتى ئەسكى چۈش كۆرۈپ، قورقۇپ ياتالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن موللىنى چاقىرتىپ، چۈشىنى ئۆرگۈزۈرتكەن، موللا مۇنداق دەپتۇ:

-ۋا، پادىشاھى ئالەم، سىلى ئەسكى چۈش كۆرۈپتىلا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بالا تۇغۇلىدىكەن. ئۇ بالا سىزنىڭ ژېنىڭىزنى ئالىدىكەن، -دەپتۇ.

قانخور باشكېسەر قورققىنىدىن ئەندى نېمە قىلىشىم كېرەك دېگەندە، موللا ئۇنىڭغا:

-سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن شەھەردە تۇغۇلغان ئوغۇللارنى چېتىدىن ئۆلتۈرۈۋېرىڭ، -دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا تۇغۇلغان ئوغۇللارنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. يېشى خېلە چوڭ ئائىلىدە پەرزەنت بولمىغان ئىكەن. ئايالى كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بالا كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. «كۆڭلۈمگە بىزنىڭ بالىمىز ئوغۇلدەكلا تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئوغۇل بولسا پادىشا بەرى بىر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئادەملەر كۆرمەيدىغان تاققا كېتەيلى»، دەپ ئىككىسى كېلىشىپتۇ.

بۇۋىمەرىيەم ئانىنىڭ كۆزى يورۇپ، ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بالىنىڭ بويىندا يوغان خالى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى «خالباتۇر» دەپ قويۇپتۇ.

خالباتۇر كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ ئەمەس، بەلكى سائەتلەپ ئۆسكەچكە، كىچىكىدىن زېرەك، ئەقىللىق بالا بولۇپ، چوڭ بوپتۇ. ئۇ 10 ياشقا كەلگەندە تاغدا ئۆزى يالغۇز ئويناپ زېرىكىپ، ئاتىسىدىن:

-دادا، بىز نېمىشقا شەھەردە ئادەملەر بىلەن ياشىمايمىز؟- دەپ سورىغاندا، دادىسى بولغان ۋاقىئەنى بالىسىغا ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خالباتۇردا باشكېسەر پادىشاغا بولغان نەپرەت ئويغىنىدۇ. خالباتۇر يالغۇز تاغنىڭ ئىچىدە ئويناپ ژۈرۈپ، ئۆيىدىن ئادىشىپ خېلىلا ژىراققا كېتىپ قاپتۇ. يولدا ئۇچرىغان دېۋىلەر ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىپ، ئىچكىرىدىن-ئىچكىرى قەپەزگە سولاپ قويىدۇ. دېۋىلەر بولسا، ئۇششاق باللارنى ئەشۇنداق ئېلىپ كېلىپ يەتتىكەن. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى خالباتۇرنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئۇلار زار قاخشاپ ژىغلاپتۇ، لېكىن بالىنى تاپالماپتۇ.

خالباتۇر بولسا راسا يوغىرىپ، سەمرىپ، تۆمۈر قەپەزنى بىر قولى بىلەن ژۇلۇۋالغىدەك پالۋان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى قاراۋۇل دېۋە ئۇخلاپ قالغاندا، خالباتۇر بىر قولى بىلەن قەپەزنى ژۇلۇۋېلىپ، دېۋىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ ئورنىغا چۈشىرىدۇ.

قولىدىكى ئاچقۇچ بىلەن سولاقلىق بارلىق باللارنى بوشىتىپ، قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. ئاندىن ئۇلارنى ژىغىپ، مۇنداق دەپتۇ:

-مېنى كىچىگىمدىن ئازاپلاپ كېلىۋاتقان بىر دەرت بار. باغچى شەھىرىدىكى قانخور باشكېسەر پادىشانى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك. ئەگەر سىلەر ماقۇل كۆرسەڭلار، بىز بىرىپ، شۇ پادىشانى ئۆلتۈرۈپ، قانچە ژىللار مابايىندا ئازاپلىنىپ كېلىۋاتقان خەلىكنى ئۆز يېرىگە ئېگە قىلساق..

ئۇلار كېلىشىپ، شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەرگە كەلگەندە بۇ پالۋانلارنى كۆرگەن ئادەملەر خوشال بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ.

قارىسا پادىشا ئىككى قەۋەتلىك نەقىشلەنگەن سارايىنىڭ ژۇقارقى قەۋىتىدە گۈش يەپ، مەينى ئىچىپ ھۆزۈرلىنىپ ياتقان ئىكەن. بۇ بەستلىك كەلگەن خالباتۇرنى كۆرگەن پادىشا ياتقان يېرىدىن چۆچۈپ تۇرۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ. خالباتۇر ئۇنىڭغا:

-مانا سېنىڭ ئاخىرقى كۈنىڭ يېتىپ كەلدى، چۈشۈڭدە كۆرگەن بالا مەن بولىمەن. خەلقىمنى نەچچە ژىللار ئېزىپ، ئۆز يېرىگە ئۆزىنى ئېگە قىلماي ئازاپلىدىڭ، يېتەر ئەندى، بۈگۈن سېنىڭ ژېنىڭنى ئالىمەن، -دېگەندە، پادىشا:

-ئەگەر سەن راستلا خەلقىم ئازات بولسۇن دېسەڭ، بىرگە-بىر مەيداندا قىلىچ بىلەن كۈچ

سىنتشايلى ، -دەيدۇ .

خالباتۇر ماقۇل بولۇپ، خەلقنى ژىغىپ، پادىشا بىلەن مەيداندا قىلىچلىششقا چۈشىدۇ. پادىشامۇ چېۋەر قىلىچۋاز بولغاچقا، خالباتۇرنىڭ قىلىچىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ. شۇ ئارىدا خەلقنىڭ ئىچىدە بىرى «خالباتۇر قويما!» -دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىچىنى تاشلىغاندا، قولىغا چۈشىدۇ ۋە خالباتۇر چاققانلىق بىلەن پادىشانىڭ قوسىقىغا قىلىچ بىلەن بىرنى ئۇرۇپ، قارىغايىدەك ژىقىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خەلق «سەن بىزنى ئازاپتىن قۇتقۇلدۇردۇڭ، بىزگە ساڭا ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەر، خەلقچىل، ئەقىللىق باشچى كېرەك. ئۆزەڭمۇ پالۋان ئەۋلادىدىن ئىكەنسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن موشۇ شەھەرگە پادىشا بولغىن،» -دەپ ئۇنى پادىشا قىلىپ سايلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆپ ژىللار كۆرەلمىگەن ئاتا-ئانىسىنى ئىزدەئا، ھېلىقى تاققا ئاتلىنىپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ، بىر ئوتۇنچى بوۋايغا ئۇچراپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغائۇ

-ئوغلۇم، سەن موشۇنداقلا ئۆيۈڭلارغا كىرىپ بارساڭ، ئاتا-ئاناڭنىڭ ژۈرىگى يېرىلىپ كېتىدۇ. سېنىڭ دەردىڭدە ئۇلار ژىغلاپ-قاخشاپ، داداڭ بوۋايغا، ئاناڭنىڭ كۆزى كور بولۇپ قالغان. ياخشىسى مەن سېنى ئېلىپ ئاراي، -دەپتۇ.

ئوتۇنچى ئۆيىگە كىرىپ، ئوغلىنىڭ تېپىلغانلىغىنى ئېيتقاندا، بوۋاي بىلەن موماي ئۆزلىرىنى تالاغا ئاتىدۇ.

-ۋاي، ئوغلۇم خالباتۇر، ئامانمۇسەن؟ -دەپ چىقىپ كەپتۇ.

ئۇلارنىڭ مىسكىن ھالىنى كۆرگەن خالباتۇرمۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن ژىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، خلىباتۇر ئاتا-ئانىسى، خەلقى بىلەن ئۆز يېرىگە ئۆزلىرى ئېگە بولۇپ، باغچى شەھىرى پاراۋەن ياشاپ قالدى، مەن بولسام، سىلەرگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ياققا قايتىپ كەلدىم.

## خالباتۇر

بىر ئۆيدە ئىككى مۆشۈك ياشاپتۇ. بىرسى ئالا، بىرسى قارا ئىكەن. ئۇلارنى ئۆي ئېگىسى ياخشى كۆتۈپ باقىدىكەن. مۆشۈكلەرمۇ يېگەن تامىقىغا يارىشا ئۆيدىكى چاشقانلارنى تۇتۇشقا تەمشىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەغدىر تەققازىسى بىلەن، بۇ ئىككى مۆشۈك بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا مەژبۇر بولىدۇ. لېكىن، خېلە ۋاقىت ئۆتۈپ، بۇ ئىككى مۆشۈك بىر-بىرى بىلەن قايتىدىن دىدارلىشىدۇ. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن قارا مۆشۈك ئالا مۆشۈككە ئۆز شىكايىتىنى ئېيتىدۇ.

-ئىككىمىز خويما بىر ئۆيدە ئىناق ياشاۋاتاتتۇق. ئۆيىنى چاشقان بېسىپ كەتكەن بىر ئايال ئېگىمىزگە كېلىپ، ئىككىمىزنىڭ بىرىنى سورىغاندا ئېگەم «قارىنىڭ ئىچمۇ قارا بولىدۇ» دېگەنىدەك، مېنى بېرىۋەتكەن ئىدى. يېڭى ئۆيىگە بارغىنىمدا بىر كۈنمۇ خوشال-خورام ياشىغىنىم يوق. بالىسى بىلەن ئويناي دەپ قۇيرىغىمنى كۆتىرىپ يېنىغا بارسام،

ئۇ مېنى ياقتۇرماي بىرنى تېپىۋىدى، يەتتە قوۋۇرغام يەر سىلكىگەندەك دىرىلدەپ، ئىچىم ئېلىشىپ، بېشىم گاڭگىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىدا تاماق ئىچەلمەي، ژىگنە يېگەن ئىشتىتەك، قۇرۇق سۆيەكلا بولۇپ قالدىم. ئىشتىن كەلگەن ئاتا-خوژايىن ژوزىغا ئولتارغاندا تاماق بېرەمدىكىن دەپ ئەركىلەپ يېنىغا كېلىۋىدىم، «ئىشتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە، مونۇ قارا نايناقنىڭ ئەلمىنى قارا» دەپ، يەلكەمدىن ئېلىپ، تالاغا تاشلاۋەتتى. ھوشۇمدىن كېتىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، ئۆزەمنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي خېلە ياتتىم. شۇنىڭدىن بۇيان مەن قورقۇنىمدىن ھېچ كىمگە كۆرۈنمەي، كارىۋەتنىڭ ئاستىغا كىرىپ ياتىدىغان بولۇۋالدىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى خوژايىن ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ كەلدى، قورقۇنۇمدىن ئوچاقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم، چىقاي دېسەم ئۆچىنى مېنىڭدىن ئالمىسۇن دەپ قورقتۇم. بىر ھازادىن كېيىن قۇچاق ئوتۇننى ئېلىپ كىرىۋېدى، ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچتى. ئەندى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ چىقسام تاياق يەيمەن، چىقمىسام ئوت قالاۋېتىدۇ، دېگەن ئويلار ئېلكىدە ژالاقلاپ تىترەۋاتىمەن. كېيىن نېمە بولدى دېمەمسەن؟ بىر ۋاقىتتا ئايال-خوژايىن راستلا ئوچاققا ئوت قالاۋەتتى. مەن بايقۇش ئىسقا بۇرۇقتۇم بولۇپ، تۇرخۇن بويلاپ قېچىشقا باشلىدىم.

سەن سورىما مەن ئېيتماي، ھېلىقى ئېگىزلىگى بەش مېتىر تۇرخۇندىن مىڭ بىر ژاپا بىلەن ئاران چىقتىم. ئۈستى-بېشىم كۈلگە مىلىنىپ، ئاغزىمدىن سېرىق سەپرا ئېقىپ، كۆزۈمدىن ئوت چىققاندەك بولۇپ كەتتى.

قارىسام ئۆي ئېگىلىرى قاقاخلىشىپ كۈلۈشۈۋېتىپتۇ. بىر ئاز ئېسىمنى ژىغىپ، يوغان تۈگدىكى سۇغا ئۆزەمنى ئاتتىم. بىر قۇر چايقىنىۋالغاندىن كېيىن «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلىغى، پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇغى» دېدىمدە، قېشىڭغا قايتىپ كەلدىم. ھەققەتتەنمۇ، ئۆز ئۆيۈڭگە نېمە يەتسۇن، ھە؟

# قوش مەسچىت*

*مەمەتئېلى زۇنۇن*

I

بـوۋا مۆھتـەرەم بـوۋا، سـەن ئېيتـىپ بەرگـەن چۆچـەك رىۋايەتلـەر نەقـەدەر ئاجايىپ غارايىـپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى ھـە؟ كۆزنـى يۇمـۇپ ئاچقۇچـە دۇنيانـىڭ ئـۇ چېتىگـە يېتىـپ بارالايدىغـان ئۇچـار گىلـەم، ئۇچـار دۇلدۇلـلار، خاسـىيەتلىك جاھاننامـە ئەينەكلـەر، «ئېچىلـىڭ داسـتىخىنىم» دەپ بولغۇچـە تۈرلـۈك تـۆمـەن نـازۇ- نېمەتلەرگـە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەتنىيەتلەرنـى چاڭگالـدا قويىدىغان سىرلىق توقماقلار. . . . ، بـوۋام بىـر كەچقۇرۇنلۇقـى ماڭا مۇنـداق بىـر چۆچەك ئېيتـىپ بەرگـەن ئىدىـڭ:

ئىشقى سـەۋدايىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلـۇق شاھزادە ۋىسـال يولىغـا راۋان بوپتـۇ. گىيـاھ ئۈنمـەس چـۆل، قـۇش قونمـاس تاغلاردىـن ئۆتۈپتـۇ. قاراقچىلارغا ئۇچراپ ئەسـلى ۋەسـلىدىن ئايرىلىپتـۇ، ئاخىـرى بىگانـە بىـر مەملىكەتنـىڭ مەركىزىـي شـەھىرى ئەتراپىـدا ئوتۇنچىلىق قىلىشـقا مەجبـۇر بوپتـۇ. ئـادەم گۆشـىدە مانتا ئېتىـپ ساتىدىغان مانتىپەزنىـڭ قاپقىنىغـا دەسسـەپ ئۇنىـڭ يوشـۇرۇن زىندانىغـا چۈشـۈپ قاپتـۇ. قارىسـا نەچچـە ئونلىغـان شـور پېشـانە يىگىتلـەر ئىڭـراپ ياتقـۇدەك. ئاپپالتىلىق بەتھەيۋەت جاللاتـلار كىرگـەن ھامان «مـەن ئـورۇق ئـۇ سېمىز، مـەن ئـورۇق ئـۇ سېمىز» دەپ بىـر- بىرنـى ئىتتىرۋاتقـۇدەك، كۆنلەرنـىڭ ئۆتۈشـى بىلـەن ئورۇقمـۇ، سـېمىزمۇ تۆگـەپ كېتىۋاتقـۇدەك. . .

قىزىقىـپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىيالـلار تـورى ئىچـىدە ئۇخـلاپ قالغىنىم ھېلىمـۇ ئېسـىمدە. چـۈش كۆرۈپتىمـەن، ئاشـۇ قورقۇنچلـۇق قاراڭغـۇ زىندانـدا تۇرغۇدەكمـەن. ئاپپالتـا كۆتۈرگـەن بەتھەيـۋەت جاللاتـلار كىرىـپ «سـېمىزلىرىڭ بۇياققـا ئۆتـۈش» دەپ ۋاقىرغـۇدەك. ئېچىرقاپ كەتكـەن چىلبۆرە كىرىۋالغـان چـوڭ قوتاندىكـى قـوي پادىسـىدەك بىچارە ھالغـا چۈشـكەن بىئەقىل تۇتقۇنـلار «مـەن ئـورۇق، ئـۇ سـېمىز» دەپ بىـر ـ بىرىنـى ئىتتىرىشـىۋاتقۇدەك. ئىتتىرگەنلەرمـۇ ئىرەجىگەنلەرمـۇ بـارا ـ بـارا تۈگـەپ نـۆۋەت مـاڭا كەلگەنمىش، «سـەن ھەممىدىـن كىچىـك ۋە ھەممىدىـن ئـورۇق بولسـاڭمۇ بىـر قانچـە قاسـقان مانتىغـا يارايسـەن، يـۈر» دەپ سـۆرەۋاتقانمىش، ئىرەجـەپ تۇرىۋالغۇدەكمـەن، ئـۇلار سـۆرىيەلمىگۈدەك. ئاخىر ئۇلار: «بوپتـۇ، مۇشـۇ يەردىـلا جىنىنـى ئالايلى!» دەپ ئاپپالتىنـى ئېگىـز كۆتۈرگـىدەك. . .

ـ بـوۋا ! . . . بوينۇڭنـى شـۇنداق قۇچاقلىۋاپتىمەنكـى، تىنالماي قاپسـەن.

ـ بـالام، نېمـە بولـدۇڭ؟ مـەن بـار، قورۇقمـا! ـ دېدىـڭ، ئىسسـىق باغرىڭغـا مەھكـەم بېسـىپ.

ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىمنـى قوقـاق بېسـىپ كەتتـى. نەچچـە كۈنلەرگىچـە قىزىـپ، جۆيلـۈپ چىقتىـم. بـۇ چۆچـەك بىلـەن چـۈش ئېسـىمدىن چىقمىـدى. ئۆسـمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەنـدە كۆپـرەك ئويلايدىغـان بولـۇپ قالدىـم، «مـەن ئـورۇق، ئـۇ سېمىز» دەپ بىر ـ بىرىنـى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانـلار ئەينـى زامانـدىلا بولـۇپ ئۆتكەنمـۇ؟ ھازىـر تۈگـەپ كەتتىمـۇ؟ بىزنىـڭ كوچىـدا يوقمـۇ؟ . . . .

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

II

كوچىمىـز ـ ئورغاقسـىمان ئـاي شـەكىللىك خالتـا كوچـا. ھازىـر «قـوش مەسـچىت» دېمىسـە ھېچكىـم بىلمەيدىغـان بـۇ كوچىمىزنىـڭ ئەسلى نامـى «ئايكوچا» ئىكـەن. شـۇنداقمۇ، بـوۋا؟

ئـون توققـۇز جـۈپ دەرۋازا بىـر ـ بىرىگـە قارىشـىپ تۇرىدىغـان بـۇ خالتـا كوچىمىـزدا كۆلىمـى، قۇرۇلـۇش نۇسخىسـى، مۇنـار ـ گۈمبەزلىرىنىـڭ ئېگىزلىكىدىـن تارتىـپ. ئىچكـى ـ تاشقى نەقىشـلىرىگىچە ئوپئوخشاش ئىككـى مەسـچىت بـار. سىرىدىن تارتىپ، پىرامىداسىمان قالپاقلىـق مىخلىرىغىچـە تامامـەن ئوخشىشـىدىغان ئىككـى دەرۋازىمـۇ بىـر ـ بىرىگـە قارىشـىپ تۇرىـدۇ. ئىككـى دەرۋازىدىـن تـەڭ چىققـان ئىككـى مۇسـۇلمان بىـر ـ بىرىگـە سـالام بېرىشـمەيدۇ، تىنـچ ـ ئامانلىـق سوراشـمايدۇ. ئـوڭ ياقتىـن چىققىنـى ئـوڭ ياقتىكـى، سـول ياقتىـن چىققىنـى سـول ياقتىكـى مەسـچىتكە راۋان بولىـدۇ. ھېيـت ئايـەم كۈنلـىرى ئىككـى ياقنىـڭ جامائەتلىـرى ئىككـى تـوپ بولـۇپ، چـوڭ جامەگـە قاراپ ماڭىـدۇ. بىـر ـ بىرىنىڭكىگـە ھېيىتلىمايـدۇ. قـۇدا ـ

* مەمەتئېلى زۇنۇننىڭ «شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» نەشر قىلغان «قوش مەسچىت» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.

باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر مېيىت ئۇزىتىۋاتسا، ئۇ تەرەپتىكىلەر تويى نەغمىسى قىلىشىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆز ئارا دوست-ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ھامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش چالمىلىرىدا ئۆتمۈتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات - قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ - يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇياقتىن - ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز-مېكىيانلارنىڭ ھەر قاندىقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. باشقا كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنغان. بىزنىڭكىدە بىرىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر - بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت-شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىر سۈيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋلىرىگە تۆكۈلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى، جېدەل ماجىرا قۇرىمايدۇ. توڭلىمايدۇ.

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارتقان دەرد - مۇشەققەت، ئازاب-كۈلپەتلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. «تۇڭگان يىغلىقى»ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چېرىكلەر توسالغۇسىز كىرىۋېرىپتۇ، بۇلايدىغىنىنى بۇلاپ بۇلغايدىغىنىنى بۇلغاۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ. پۇشايمان قىلىشماپتۇ. شىڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر-بىرنى چېقىشىۋېرىپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتل قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك بوپتۇ. مانا ھازىر «ئۈچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر - بىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكمەكتە، پاش قىلىشماقتا.

- ئۇ - ئوغرى!

- ئۇ - ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى !

- ئۇ-يىرتقۇچ يولۋاس !

- ئۇ-ئەشەددىي يولۋاس !

گويا ئۇلار بىر-بىرىنى ئېتىرىشمەكتە:

- مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز !

- ئۇ سېمىز، مەن ئورۇق...

سەۋر-تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم، ئاخىر ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:

- بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا - مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەشقولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىسامغۇ سەن تېخى كىچىك، تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيسەن، دېدىڭ چوپچوڭلا بىر يىگىت بوپ قالدىمغۇ مانا، ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنە!

- ماقۇل، بالام، - دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، - ھازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، گەپ - سۆزۈمنىڭ تېگى تەكتىگە يېتەلەيسەن، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي:

III

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي كوچا» ئىدى. ئايدەك يورۇق، ئىللىق كوچا ئىدى. قان - قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش - كېسەك، تام - تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى، زورىدىن ھاكىم بەگدەك كاتتا زاتنىڭ ئىزى، موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى! ياسىن داموللا ھاجىم ھەززەرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئىلاھە ئامىن) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، «ئاي كوچا» دېگەن تەۋەررۈك نام «قوش مەسچىت»كە ئۆزگەردى. ئاغرىق - ئاداۋەت، بالايى - قازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللاجىم ھەزرەتلىرى ئاتاق - ئابرۇيلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى، پۇل - مال، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭمۇ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ھەقتائالا ئۇنىڭغا بىرجۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان. چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن ئىدى. بوي - ئىسكەت، رەڭ - چىراي، خۇلق - مىجەز جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى، بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇمتۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت - خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەنقارىم كەلدى.

ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، كوچىمىز ئابرۇيلۇق ئىمامىدىن ئايرىلدى، ئاقىل، مېھرىبان، دۇئاگۇي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت يارامىلىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە - يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق، شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھرىنىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇنخېنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ ھۇسەيىنقارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللا خېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەنقارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقانداق ساھىبجامالاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرۇيى، شان - شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان - قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك - ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنساني مېھىر - مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان «ئايكوچا»مىز نائىناقلىق ئىس - تۈتەكلىرى ئاستىدا ئۆچ - ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالى، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازاخۇنۇم، مۇدەررىسئاخۇنۇم ئۇنىۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم، نەزىر - چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۇسەيىنقارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالتۇنخېنىم: «مەن ئاچا، سىنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللا خېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆينىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن.

بۇلارنىڭ تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىز - ئەھلى جامائەت، ئاكا - ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

- ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق - ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان - قېرىنداشلىق رىشتىسىنى يېڭى باشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقايلا.

ئاڭلىساق، ئاكا - ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەر قانداقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنىنىڭ ھەرقانداقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!»

- مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، - دەپ تەكرارلاپتۇ تىللاخېنىم، - يۇقىرى ئورۇن - مەرتىۋە مېنىڭ!

- مەن ئاچا، - دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇن خېنىم، - ئورنۇمنى تارتىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ئاكا - ئۇكا ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىتنىڭ بىقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا - سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۈرلۈك نازۇ - نېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر - بىرىنى بېسىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ، تىل - ئاھانەت، يىغا - زارە، قىيا - چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ. مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمامئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ، قارىسا باش كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر - بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىمداشقان ھالدا پومداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بوي تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن بەس - بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

- تۇر ئورنۇڭدىن ! - دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇۋاپتۇ ئىمامئاخۇنۇم ، - ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى ! - شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات سايتۇ.

- ھا - ھا - ھا!... ، - گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللا خېنىم - تۆر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇنخېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن، ئاپئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا - ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا - كۈلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ - دە:

ـ ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق ـ دېگىنىچە، بىر پىيالە رىشالىنى قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئىچىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ. يۈز ـ كۆزلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

كۈن ـ تۈنلەر ئاغرىق ـ ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. نائىناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان ـ قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بىر بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ـ ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويىدۇق.

ـ خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتسۇن! ـ دەپ شەرت قويىدى ئاكىسى، ـ شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن. ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

ـ خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە، ـ دېگەن شەرتنى قويىدى ئۇكىسىمۇ، ـ مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت قىلغان، بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى. پىتنە ـ پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا ھەقەمسايىلەرمۇ چەك ـ چېكى كۆرۈنمەس تالاش ـ تارتىش چۆلىدە قويۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار ئالتۇنخېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللا خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەركىم ئۆزى ھىمايە قىلىدىغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە پاسات ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە ـ كۈندۈز گەپ توشۇپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر ھۆسەيىنقارىمنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە كىرىپ :«سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سېمىز تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەنقارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ» دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تىللا خېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: «بۇرۇن تۇغۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا، كىندىك ئانا بىر كېچە ـ كۈندۈز تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قىلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىكەن» دەپ ئوت قويۇرۇقلۇق قىپتۇ. بەزىلەر ئالتۇنخېنىمغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ: «ئەرلىرى ھۆسەيىنقارىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ يول ئازابى ـ گۆر ئازابى تارتسا، سىلى ئۆزلىرى تەنھالىق، تەشنالىق دەردىنى تارتىسىلا.

ھەسەنقارىم بولسا، شەھەردىن چىقماي تىجارەت قىلىپ مۇشەققەتسىز ھالاۋەت كۆرىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، نەزىر چىراغلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كىرىمچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ تېرە ـ ئۈچەي، كاللا پاقالچاقلىرى شۇ ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. تىللاخاننى يوغىناتقان ئاشۇ پايدا ـ تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟ ئەرلىرى ھۆسەيىنقارىممۇ ئەھلى ئىلىم، قارىي قۇرئان كىشى، ھەرقانداق جامە ئىماملىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئاكىسىدىن ئوبدانراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ، تەپسىر ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل ئاكىسى ئىمام بولسا، كېلەر يىلى ئۇكىسى...»

بۇ مەسلىھەت ئالتۇنخېنىمغا يېقىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلاندى. بىر قىسىملار ھۆسەيىنقارىمنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر قىسىملار ھەسەنقارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى. ھەرتەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېۋەن نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى. شەرئەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا چارىسىز قالدى، دوتەي ـ ئامباللارمۇ ئامال قىلالمىدى، ئۆز قوللىغۇچىلىرىنىڭ تەلپى ۋە ئالتۇن خېنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھۆسەيىنقارىم ئاخىر ئۈرۈمچىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەنقارىممۇ دەرھال ئاتلىنىپ ھۆسەيىنقارىمدىن بىر كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ـ نىقابلىق يالماۋۇز ياڭ جاڭجۈننىڭ قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى تۆمۈرخەلپىنى قەتل قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۇڭ قەلەم بىلەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن: «... بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر، پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھىپى بىر، تىلى بىر، بۇ ئالتە بىرلىك ئۈستىگە دىل بىرلىكى ـ زىچ ئىتتىپاقلىق قېتىلىدىغانلا بولسا، تۆگەشكىنىم شۇ، تەختى ـ بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ!...»

ـ ئوغلۇم ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ ئۆز ھۆكۈمىنى مۇنداق شەرھىلەۋاتقانىكەن: «دىل بىرلىكى ـ تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، باي ـ

باياشاتلىقنىڭ ئۇلى، بىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ئۆيغىنىش، ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ئاساسىدۇر، بۇ 〈بىرلىك〉 تىن ئارتۇق خەۋپ ـ خەتەر يوق ماكا!...»

ھۆسەيىنقارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭ جاڭجۈننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، جاڭجۈن ھۆسەيىنقارىم ئىنئام قىلغان 100 دانە تىللانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق سېلىپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ، شۇئەسنادا ھەسەنقارىممۇ كىرىپ كەپتۇ ـ دە 100دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

ـ ئۆيلىشىپ باقاي،ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۈن.

ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىگە تۆيدۇرماستىن ئۇقۇشۇپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئۆيلىشىپ باقاي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى 120تىللا ئىنئام قىلغان بولسا ئۇكىسى 150، ئىككى يۈزنى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەنقارىم ئاكىلىق ئورنى تۆپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتتۇرغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىنئام يوللاشتا ھۆسەيىنقارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياڭ جاڭجۈن:

ـ سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول! ـ دەپ بۇيرۇپتۇ ھۆسەيىنقارىمغا،ـ سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلغان دۇكان ـ ساراي، يەر ـ زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل!

ھەسەنقارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

ـ ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر. سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلغان دۇكان ـ ساراي، يەر ـ زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۆسەيىنقارىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ: شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن، كۆنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!...

ھەسەنقارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

ـ جاڭجۈن ئالىيلىرى، قۇرۇلغۇسى مەسچىتنىڭ كۆلىمى، شەكىل ـ نۇسخىسى...

ـ كونا مەسچىت بىلەن ئوپ ـ ئوخشاش،ـ دەپ جاكارلاپتۇ جاڭجۈن،ـ بىر قەدەم كەڭ ـ تار، بىر غېرىچ ئېگىز ـ پەس، بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، گۈل نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر بوياقلىرىغىچە ئوپ ـ ئوخشاش بولۇش كېرەك!...

ـ بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ «قوش مەسچىت»نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك ئىللىق كۆچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسلىدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

IV

جېنىم بوۋا ! ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش ـ ئىنتىزارلىق ئوتلىرى لاۋۇلدىماقتا، تەشۋىش ـ ئەندىشىلىرىم كۆچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخى سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت ـ نادامەتلىك كوچام! تىنىچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ ئىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆزھالىتىڭچە تۇرىۋەرگەنسەنمۇ؟ سۆبھى ـ سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام»نى بەجا كەلتۈرۈپ بىر مەسچىتكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز»دەپ بىر بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يىگىت ئىمامىمىز بىر مەسچىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنسانىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمەدۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتكۈل جامائەت: «ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھىللىق ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بەرسە؛ «ئىززەت ـ ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان :«بىلىم ـ مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر»* دەپ يەكدىللىك بىلەن جاۋاب بەرسە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم :

ـ بوۋا، جېنىم بوۋا، خاتىرجەم بول، ئارزۇ مۇرادىڭ گۈل ـ چېچەك ئاچتى!

1986 ـ يىلى، يانۋار. قەشقەر.

* سوئال ـ جاۋابلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئاقائىد زۆرۆرىي »دىن ئېلىندى.

# شېئىرلار*

ئابدۇلجان ئازنباقىئېۋ (قازاقىستان)

## ئەزىزلەپ ئۆتىمەن

كۆڭۈلنى، بىھوش كۈنىمنى،
ئازاپنى، قايغۇ ـ مۇڭىمنى،
مېنىڭ بىلەن بۆلۈشكىنىڭ ئۈچۈن.
ئويغىتىپ قايتا ئىلھامنى،
ژۈرەككە يېقىپ گۈلخاننى،
سەيلىگاھتا كۆرۈشكىنىڭ ئۈچۈن.
لىرىكام، مەن سىزنى ئەزىزلەپ ئۆتىمەن!

خۇش ـ ئارام بەرگەن كۆڭۈلگە،
مەھلىيا قىلغان ئۆمۈرگە،
بەك يېقىملىق كۈلۈشلىرىڭ ئۈچۈن.
قولۇڭنى بېرىپ قولۇمغا،
ھېيم بولۇپ يولۇمدا،
زادى سېنىڭ كۆنۈشلىرىڭ ئۈچۈن.
لىرىكام، مەن سىزنى ئەزىزلەپ ئۆتىمەن!

ئالدامچى مونۇ يالغاندا،
تەلپۈنۈپ بۈيۈك ئارمانغا،
چىن ۋاپادار سادىقىتىڭ ئۈچۈن.
ئۆزەڭگە مەككەم باغلىغان،
تىل ـ كۆزدىن مېنى ساقلىغان،
ماڭا ئۆچمەس مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن،
لىرىكام، مەن سىزنى ئەزىزلەپ ئۆتىمەن!

## ئۈچۈمكارلارغا تىلەك

ئارتتا قالدى سىنىپ، پارتا، قەلىمىڭ،
ساڭا كۆيگەن ئۇستاز دېگەن ئادىمىڭ.
ئېلىپ چىقار ھۆر مۇستەقىل ھاياتقا،
ئارمان ئاتلىق تەشرىپ قىلغان قەدىمىڭ.

سىلەر نۇرلۇق ئېلىمىزنىڭ گۈللىرى،
نامى ئۇلۇق خەلقىمىزنىڭ كۆز نۇرى.
مەرتىۋىسىن كۆتىرىشتە چوققىغا،
ئەجداتلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، ئۈمۈتى.

* «قازاقىستان ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نىڭ تورىدىن ئېلىندى.

ئاچقان چېغى ئۆمۈر ـ كىتاپ بەتلىرىن،
بالىلىقنى ئەسلىتىدۇ خەتلىرىڭ.
ئاناڭدەكلا يۆلەنچىڭ بوپ تۇرىدۇ،
ژىراقتىكى ئالتۇن ئۇگا ـ مەكتىۋىڭ.

ئۇچۇمكارلار بۈگۈن قانات قاقتىڭلار،
ئارمانلارنى ژۈرەكلەرگە ياقتىڭلار.
دېڭىز كەبى بىر سىنىپتا ئون بىر ژىل،
بىلىم ئېلىپ، بۈگۈن سەل بوپ ئاقتىڭلار.

بېشىڭلارغا ئازار ـ كۈلپەت قونمىسۇن،
سىلەر بىلەن هايات پارلاق يورىسۇن.
كۆزۈڭلاردا ئۈمۈت ـ ئۇچقۇن ئۆچمەستىن،
مەكتەپ نامى جىمى يەرگە تونۇلسۇن!

## بالىلىقىم

بال دەۋرىم، بالىلىغىم ـ قالىغىچىم،
ئەسكە ئېپ، شېئىرىمغا قاچىلىدىم.
يۈزۈمنى كۈلكە ئوراپ تۇرسىمىچۇ،
ئاقىدۇ سېغىنىشتا تامچىلىرىم.

بال دەۋرىم، بالىلىغىم ـ قالىغىچىم،
يادىمدا ئۇنۇتۇلماس ئېسىل چېغىم.
دوپ تېپىپ دوستلار بىلەن ئۆيىمىزنىڭ،
چاققانتۇق دېرىزىسىن قانچە قېتىم.

بال دەۋرىم، بالىلىغىم ـ قالىغىچىم،
قوينۇڭدا قالدى ئويناپ ـ قاچقانلىرىم.
دەسلەپكى سېزىم بىلەن مۇھەببەتتىن،
قىزلارغا سىرلىرىمنى ئاچقانلىرىم...

بال دەۋرىم، بالىلىغىم ـ قالىغىچىم،
شوخلىغىم ئۈچۈن تالاي قامچىلىدىڭ:
بېغىدا خوشنىمىزنىڭ پۈتۈم سۇنغان
ژىقىلىپ دەرىغىدىن ئالىچىنىڭ.

بال دەۋرىم، بالىلىغىم ـ قالىغىچىم،
ئېيىتقىنە، ئويۇن كەبى «قاچ ـ قاچمىدىڭ؟
تۈيۈقسىز ئۆتۈپ كەتتىڭ ژىللار قوغلاپ،
هاياتنىڭ بىلمەپتىمەن پارچىلىغىن.

# «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

*مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا تەييارلىغان*

BI-SMI’LLÂHI’R-RAHMÂNI’R-RAHÎM
I
TEÑRI ‘AZZE VE CELLE ÖGDISIN AYUR

D - BİSMI›LLÂHI›R-RAHMÂNI›R-RAHİM
I. TANRI AZZE VE CELLENİN MEDHİNİ SÖYLER

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم
(ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن)
بىرىنچى باپ :
ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى باياندا

Metin: 0001. Bayat atı birle sözüg başladım
Törütgen égidgen keçürgen idim
Çağdaş Türkçe: 1 Yaratan, yetiştiren ve göçüren rabbim olan Tanrının adı ile söze başladım.
1. خۇدا ئاتى بىلەن سۆزۈم باشلىدىم
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئېزىم.

Metin: 0002. Üküş ögdi birle tümen miñ senâ
Uğan bir bayatka añar yok fenâ
onun için fânilik ؛Çağdaş türkçe: 2 kadir ve bir olan tanrıya çok hamd ve binlerce sena olsun
.yoktur
2. تولا مەدھى بىرلە تۈمەن مىڭ سەنا،
قادىر بىر خۇداغا ئاڭا يوق پەنا.

Metin: 0003. Yağız yér yaşıl kök kün ay birle tün
Törütti halâyık öd üdlek bu kün
Çağdaş türkçe: 3 kara yer ile mâvî göğü, güneş ile ayı, gece ile gündüzü, zaman ile zamaneyi ve mahlûkları o yarattı.
3. قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن _
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.

Metin: 0004. Tiledi törütti bu bolmış kamuğ
Bir ök bol tédi boldı kolmış kamuğ
Çağdaş türkçe: 4 isٹedi ve bütün bu varlıkları yarattı؛ bir kere :— «ol!»—Dedi, bütün diledikleri oldu.

4. ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى « بول» بار ئولدى پۈتۈن.

Metin: 0005. Kamuğ barça muñluğ törütülmişi
Muñı yok idi bir añar yok éşi
Çağdaş türkçe: 5 bütün bu yaratılmış olanlar ona muhtacdır; muhtaç olmayan yalnız tanrıdır; onun eşi yoktur.
5. بۇ بارچە يارالغان مۇھتاجدۇر ئاڭا،
ئىگەم سەن بىھاجەت، يوق ھە ساڭا.

Metin: 0006. Ay erklig uğan meñü muñsuz bayat
Yaramaz seniñdin adınka bu at
Çağdaş türkçe: 6 ey kuvvetli, kadir, ebedî ve müstağni olan tanrı, senden başkasına bu ad Yakışmaz.
6. ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سېنىڭدىن بۆلەككە ياراشماس بۇ ئات.

Metin: 0007. Uluğluk saña ol bedüklük saña
Seniñdin adın yok saña tuş teñe
Çağdaş türkçe: 7 ululuk ve büyüklük sana mahsustur; sana eş ve denk olan başka biri yoktur.
7. ئۇلۇغلۇق ساڭا ھەم بۈيۈكلۈك ساڭا،
سېنىڭدىن بۆلەك يوق ساڭا تۇش ـ تەڭا.

Metin: 0008. Aya bér birikmez saña bir adın
Kamuğ aşnuda sen sen öñdün kédin
Çağdaş türkçe: 8 ey bir olan tanrı, bir başkası sana şerik koşulamaz; başta her şeyder evvel ve sonda her şeyden sonra sensin.
8. ئەي بىر سەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن،جىمىدىن ئاخىر.

Metin: 0009. Sakışka katılmaz seniñ birlikiñ
Tüzü neñke yetti bu erkliglikiñ
Çağdaş türkçe: 9 senin birliğin hesaba gelmez; bu kudretin her şeye hâkimdir,
9. ساناققا قېتىلماس سېنىڭ بىرلىگىڭ،
پۈتۈن نەرسىگە يەتتى قۇدرەتلىكلىگىڭ.

Metin: 0010. Séziksiz bir ök sen ay meñü eçü
Katılmaz karılmaz sakışka seçü
Çağdaş türkçe: 10 sen, şüphesiz, birsin, ey sonsuz tanrı; istisna sayıya gelmez.
10. گۇمان يوقكى، بىر سەن، ئەي مەڭگۈ خۇدا،
ئۆزۈڭ ھەر نىچۇك سان ـ ساناق سىرتىدا.

Metin: 0011. Ay iç taş biligli ay hakku'l-yakîn
Közümde yırak sen köñülke yakın
Çağdaş türkçe: 11 ey içi ve dışı bilen, ey hakku›l-yakîn; gözden uzaksın, fakat gönüle yakınsın.
11. ئىچۇ ـ تاش بىلگۈچى ئەي ھەققۇليەقىن
كۆزۈمدىن يىراقسەن، كۆڭۈلگە يېقىن.

Metin: 0012. Barıñ belgülüg sen kün ay teg yaruk
Neteglikke yetgü köñül ögde yok

Çağdaş türkçe: 12 senin varlığın, parlak güneş ve ay gibi, bellidir؛ fakat nasıl olduğunu kavrayacak gönül ve akıl yoktur.

12. ئېرۇر بارلىغىڭ كۈن ۋە ئايدەك يورۇق،
تېگىگە يېتۈچى كۆڭۈل ـ ئەقىل يوق.

Metin: 0013. Ne ersedin ermez seniñ birlikiñ
Ne erselerig sen törüttiñ seniñ 10 yusuf has tayangu
Çağdaş türkçe: 13 senin birliğin eşya ile ilgili değildir؛ eşyayı sen yarattın, onlar senindir.

13. نېمەلىكتىن ئەرمەس سېنىڭ بىرلىگىڭ،
ياراتتىڭ جىمنى، جىسمى سېنىڭ.

Metin: 0014. Kamuğ sen törüttüñ ne erselerig
Yokadur ne erse sen ök sen tirig
Çağdaş türkçe: 14 her varlığı sen yarattın; varlık yok olur, bakî kalan yalnız sensin.

14. پۈتۈن بار نېمەتنى ياراتتىڭ ئۆزۈڭ،
يوقىلۇر جىسمى، تىرىك سەن ئۆزۈڭ.

Metin: 0015. Törütgen barıña törütmiş tanuk
Törümiş iki bir tanukı anuk
Çağdaş türkçe: 15 yaratıcı varlığına yaratılmış olanlar şâhiddir؛ yaratılan iki — birin hâzır şahididir.

15. ياراتقان بارلىغىغا يارالغان تانۇق.
يارالغان ئىككى بىر تانۇقى ئېنىق.

Metin: 0016. Anıñ okşağı yok azu meñzegi
Neteglikke yetmez halâyık ögi
Çağdaş türkçe: 16 onun eşi yahut benzeri yoktur؛ nasıl olduğuna mahlûkların aklı ermez.

16. ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ياكى تېڭى،
نىچۈكلۈككە يەتمەس خالايىق ئېڭى.

Metin: 0017. Yorımaz ne yatmaz udımaz oduğ
Ne meñzeg ne yañzağ kötürmez boduğ
Çağdaş türkçe: 17 yürümez ve yatmaz, uyumaz, uyanıktır؛ ne benzer, ne kıyâs edilir, ne de tasavvur götürür.

17. ئۇ يۈرمەس، ئۇ ياتماس، ئويغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر ـ قىياس.

Metin: 0018. Kédin öñdün ermez ne soldın oñun
Ne astın ne üstün ne otru orun
Çağdaş türkçe: 18 arkada veya önde değildir; ne sağdadır, ne solda; yeri ne altta, ne üstte, ne de ortadadır.

18. نە ئالدىدا، نە كېيىن، نە ئوڭ ـ سولدا،
نە پەستە،ئېگىزدە، نە ئوتتۇرىدا ئۇ.

Metin: 0019. Orun ol törütti orun yok añar
Anıñsız orun yok bütün bol muñar
Çağdaş türkçe: 19 yeri o yarattı, onun için yer bahis mevzuu değildir; şunu bil ki, onsuz da yer yoktur.

19.ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.

Metin: 0020. Ay sırka yakın ay köñülke ediz
Tanuk ol saña barça sûret bediz
Çağdaş türkçe: 20 ey her sırra yakın, ey her gönül için yüksek tanrı, bütün suret ve şekiller sana şahittir.
20. ئەي سىرغا يېقىن، ئەيۇ كۆڭۈلگە ئەزىز،
گۇۋاھدۇر ساڭا بارچە سۈرەت ۋە ئىز.

Metin: 0021. Törüttüñ tümen miñ bu sansız tirig
Yazı tağ teñiz kötki oprı yirig
Çağdaş türkçe: 21 bu sayısız, yüz binlerce canlıyı, ova, dağ, deniz, tepe ve çukurları sen yarattın.
21.ياراتتىڭ تۈمەن مىڭ تىرىك،ساناقسىز،
قۇرۇقلۇق قارا تۈننى، چوقۇر، تاغ، دالا، دوڭ، دېڭىز.

Metin: 0022. Yaşıl kök bezediñ tümen yulduzun
Kara tün yaruttuñ yaruk kündüzün
Çağdaş türkçe: 22 mâvî göğü sayısızyıldızları ile süsledin, karanlık geceyi ışıklı gündüz ile aydınlattın.
22. بېزەتتىڭ يېشىل كۆكنى يۇلتۇز بىلەن،
يورۇتتۇڭ قارا تۈننى كۈندۈز بىلەن.

Metin: 0023. Uçuğlı yorığlı tınığlı neçe
Tirilgü seniñdin bulup yér içe
Çağdaş türkçe: 23 uçan, yürüyen ve duranların hepsi rızıklarını senden bularak, yeyip, içerler.
23. ئۇچارلىق، ماڭارلىق، تىنارلىقكى بار،
سېنىڭدىن ئىچىپ، يەپ تىرىكلىك قىلار.

Metin: 0024. Ediz ‘arşta altın serâka tegi
Tüzü barça muñluğ saña ay idi
Çağdaş türkçe: 24 yüksek arş›tan alttaki toprağa kadar bütün her şey, hepsi sana muhtacdır, ey rabbim.
24. ئېگىز ئەرش ئۈستىدىن يەر ئاستىغا تا،
پۈتۈن بارچە مۇھتاج ئەي ئىگەم ساڭا.

Metin: 0025. Ayâ birke bütmiş tiliñ birle ög
Köñül bütti şeksiz amul tutğıl ög
Çağdaş türkçe: 25 ey tanrının birliğine inanmış olan, onu dilin ile öğ; gönülün tereddütsüz inandı ise, aklını işe karıştırma.
25. ئايا ھەققە پۈتكەن، ئاچ ھەمدىگە تىل،
دىلىڭ پۈتسە شەكسىز، يۇرۇتمە ئەقىل.

Metin: 0026. Neteglikke kirme küdezgil köñül
Barıña bütün bolğıl amrul amul
Çağdaş türkçe: 26 nasıl olduğunu arama, gönlünü gözet; varlığına inan, sükûn ve huzura kavuş.
26. ئۇ قانداق دېمەكتىن كۆڭۈلنى كۈزەت،
پۈتۈپ بارلىغىغا ئاسايىشقا يەت.

Metin: 0027. Kalı kançaka kirme tutğıl özüñ

Kalı kançasız bil uzatma sözüñ
Çağdaş türkçe: 27 nice ve nasıl olduğuna karışma, kendini tut؛ onu nicesiz ve nasılsız bil, sözünü uzatma.
27. نىچۈك، قانچە دەپ يۈرمە، تۇرقىن ئۆزۈڭ،
نىچۈك، قانچىسىز بىل، ئۇزارتما سوزۇڭ.

Metin: 0028. Ay muñsuz idim sen bu muñluğ kuluğ
Suyurkap keçürgil yazukın kamuğ
Çağdaş türkçe: 28 ey müstağni olan rabbim, sen bu muhtaç kulun bütün günahlarını şefkatle affet.
28. بۇ مۇڭلۇق قۇلۇڭنى، ئەي مۇڭسىز ئىگەم،
كەچۈرگىن گۇنايىنى ئەيلەپ كەرەم.

Metin: 0029. Sañar ok sığındım umınçım saña
Muñadmış yérimde elig tut maña
Çağdaş türkçe: 29 asıl sana sağındım, ümidim sendedir; muhtaç olduğum yerde elimden tut.
29. ساڭالا سىغىندىم، ئۈمىدىم ساڭا،
قىيىنلىق يېرىمدە مەدەت قىل ماڭا.

Metin: 0030. Sewüg sawçı birle kopurğıl méni
Elig tuttaçı kıl könilik küni
Çağdaş türkçe: 30 mahşer günü beni sevgili peygamber ile birlikte hasret, onu bana şefaatçi .kıl
30. سۆيۈملۈك رەسۇل بىرلە تۇرغۇز مېنى،
قولۇم تۇتقۇچى قىل قىيامەت كۈنى.

Metin: 0031. Tüzü tört éşiñe tümen miñ selâm
Tegürgil kesüksüz tutaşı ulam
.Çağdaş türkçe: 31 onun dört arkadaşının her birine aralıksız, devamlı sayısız selâm eriştir
31. ئۇنىڭ تۆت يارىغا تۈمەن مىڭ سالام،
يېتىشتۈر مېنىڭدىن داۋام ۋە داۋام.

Metin: 0032. Uluğ künde körkit olarnıñ yüzin
Elig tuttaçı kılğıl edgü sözin
.Çağdaş türkçe: 32 ulu günde onların yüzünü göster, şefaatlerini bana yardımcı kıl
32. ئۇلۇغ كۈندە كۆرسەت ئۇلارنىڭ يۈزىن،
قولۇم تۇتقۇچى ئەيلە ياخشى سۆزىن.

Metin: 0033. Séni erdüküñ teg ögümez özüm
Séni senmet öggil kesildi sözüm
Çağdaş türkçe: 33 seni olduğun gibi medhedemiyorum؛ seni sen medhet! Sözüm kesildi.
33. سېنى ماختىيالايمەن لايىق ئۆزۈم،
سېنى سەنلا ماختا، كېسىلدى سۆزۈم.

# يۇمۇرلار

## بىزنىڭكىنى ئۇرۇۋاتىدۇ

بىر تۇل ئايال بىلەن توي قىلىپ ئاجراشقان يەنە ئەر كىشى توي قىلىپتۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىدىن بىردىن بالىسى بار ئىكەن. توي قىلغاندىن كېيىن يەنە بىر بالىسى بولۇپتۇ. يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئايال باغچىدا باللىرىنىڭ ئويۇن ئويناشلىرىنى كۆرۈۋاتقاندا، باللار ئۇرۇشقىلى تۇرۇپتۇ.

ئايال: دادىسى، دادىسى، باللار باغچىدا ئۇرۇشۇۋاتىدۇ! دەپ ۋارقىراپتۇ

دادىسى: كىم كىم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ؟

ئايالنىڭ جاۋابى ئويئوچۇق

سېنىڭكى بىلەن مېنىڭكى بىزنىڭكىنى ئۇرىۋاتىدۇ.

## مەدەنىيەت

ئەخمەت، ئەردەم، پولات تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇپتۇ. تاموژنا خادىملىرى سومكىلارنى تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئالدى بىلەن ئەخمەتنىڭ سومكىسىنى تەكشۈرۈپتىكەن، ئىچىدىن يەتتە تال ئىشتان چىقىپتۇ.

— نىمىشقا يەتتە تال؟ـ دەپ سوراپتۇ.

ئۇ جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنى بار، ھەر كۈن ئۈچۈن بىر تال، دۈشەنبە، سەيشەنبە چارشەنبە...

— بۇنىڭ پاكىزلىقنى كۆرمەمدىغان، ئاپىرىن! بۇ مەدەنىيەتكە.

نۆۋەت ئەردەمنىڭ سومكىسىغا كېلىپتۇ. قارىسا سەككىز تال ئىشتان چىقىپتۇ.

— يەتتىنىغۇ چۈشەندۇق، ئەمما نېمىشقا سەككىز؟— دەپ سوراپتۇ. ئەردەم جاۋابەن:

— دۈشەنبە، سەيشەنبە چارشەنبە... ھەر كۈنگە بىر تال، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەنە بىر تال زاپاس ئېلىۋالدىم ،— دەپتۇ.

— ۋاي-ۋۇي بۇ ئادەملەردىكى پاكىزلىق مەدەنىيىتىگە قاراڭلار ،— دېيىشىپتۇ خادىملار.

ئەمدىكى نۆۋەت پولاتقا كەپتۇ،تاموژنا خادىمى قارىسا سومكىدىن 12 تال ئىشتان چىقىپتۇ.

— ۋاھ، ۋاھ ۋاھ، نېمە بولسا يەنىلا بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى پاكىز ئىكەن جۇمۇ! شۇنىڭ پاكىزلىققا قارىمامدىغان،-دېگەچ سوراپتۇ:

— نېمىشقا 12 تال؟

— يانۋار، فېۋرال مارت، ...ـ دەپ ساناشقا باشلاپتۇ پولات.

## رامىزان

نەسىردىن ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

ئەپەندىم، رامىزان تۈگەيلا دەپ قالدى، سىزنىڭچە رامىزان بىزدىن رازى بولغانمىدۇ؟

«رازى بولغاندۇ، ئەلۋەتتە رازى، بولمىسا ھەر يىلى 10 كۈن بالدۇر كېلەمتى؟»

ئەمما ئەپەندىم بۇنداق بەرىكەتلىك بىر ئاينىڭ تۈگىگەنلىكىدىن كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولدى.

بىلمەيدۇ دەمسىلەر، شۇڭلاشقىمۇ رامىزان تۈگىدى دەپ «ئازابلىنىپ» 3 كۈن بايرام قىلىسىلەر ئەمەسمۇ!

*تۈركچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان*

# 18 ـ سونېت

ۋىليام شېكسپېر (ئەنگلىيە)

پەسلى يازغا سېلىشتۇراي سېنى قانداق؟
سۆيۈملۈكسەن، تەپتى مېھرىڭگە ياز ھەيران.
يېرىك شامال سالار غۇنچەسىگە قىيناق،
ئۆمۈر دەۋاسىدا بىر لەھزە ياز ۋەيران.
كۆكنىڭ كۆزى چاقنار بەزەن ئوتى قايناق،
ئالتۇن چېھرىن توسار ئەمماكى بىر دەۋران.
گۈزەل ئىچرە ھەر گۈزەلگە چۈشەر بايراق،
تاسادىپ يا جاھان بەرگەندە بىر ھىجران.
سېنىڭ يازىڭ مەڭگۈلۈكتۇر سولماس بىراق،
گۈزەللىكىڭ يۈتمەس ھەر ئاندا سەن جەۋلان.
سايەسىدە ئۆلۈم سالسا تەھدىت يىراق،
زامان بىرلە ئۆچمەس مىسرادا سەن سەيلان.
نەپەس پۈتمەي، كۆزلەرگە نۇر بولمىسا يات،
بۇ مىسرالار ياشار ساڭا بېرىپ ھايات.

*ئىنگلىزچىدىن خەندان تەرجىمىسى*

...

# يۇرتىمىزنىڭ

مەھمۇد دەۋرىش (پەلەستىن)

يۇرتىمىزنىڭ،
ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىغا يېقىن،
بۇلۇتتىن ئۆگزىسى بار.
يۇرتىمىزنىڭ،
ئۇ ئىسمىنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئۇزاق،
يوقلۇق خەرىتىسى بار.
يۇرتىمىزنىڭ،
ئۇ كۈنجۈت ئۇرۇقىدەك كىچىك،
ساماۋى ئۇپۇقى بار...ۋە يوشۇرۇن بىر ھېڭى.
يۇرتىمىزنىڭ،
ئۇ چىل قانىتىدەك پېقىر،
مۇقەددەس كىتابلىرى بار... ۋە كىملىكتە جاراھەت.
يۇرتىمىزنىڭ،
ئۇ يىپىق ئىدىرلىقلاردىكى پاختەك،
يېڭى ئۆتمۈشنىڭ ئىسكىرىپكىسى بار.
يۇرتىمىزنىڭ، ئۇ ئەسىر ئايال
ئارزۇ ياكى كۈيۈكتىكى ئۆلۈمنىڭ ھۆررىيىتى بار.
يۇرتىمىز، قانلىق كېچىسىدە
يىراقتىن ـ يىراققا نۇر چاچقان جەۋھەر
يۇرتۇمىزنىڭ سىرتىنى يورۇتقان...
ئەمما بىز يۇرتىمىزنىڭ ئىچىدە
تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتىمىز!

*ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇللا تەرجىمىسى*

# ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش

## ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)

ئىش ئورنۇمدىن مىلك تەسلىكتە ئىككى سائەتلىك رۇخسەت سوراپ بىرىنچى ئەۋلاد كىملىكىمنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن نوپۇسۇم تۇرۇشلۇق ساقچى پونكىتىنىڭ نوپۇس بېجىرىش بۆلۈمىگە ئىككىنچى ئەۋلاد كىملىككە ئىلتىماس قىلىشقا باردىم. شۇنچە ئەتىگەن بارغىنىمغا قارىماي نوپۇس بېجىرىش ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر ئاللىمۇ بۇرۇن ئارغامچىدەك ئۇزۇن ئۆچىرەتتە ئۆز نۆۋەتلىرىنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتۈشنى باشلىۋېتىپتۇ. نە ئامال، شەھىرىمىزدە ئادەم كوپ، مەنمۇ ئالدىراش بۇ ئۇزۇن سەپكە قوشۇلدۇم ...

ئالدىمدا بېشىغا دوپپا كىيگەن، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىغىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان، ساقال بۇرۇتلىرى قاملاشقان ۋە بۇ تۇرقىدىن شەھەرگە تەۋە بىرەر يېزىدىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئاكىمىزنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇردۇم.

ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلۈم قىيماي يانفونۇمنى ئېلىپ تور خەۋەرلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم... ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىمدا تۇرغان ئاكىمىزنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى.

ـ ئۇكام، مەن سەي دادۈيدىن ئەتىگەندە سەنلودا سەي ساتقىلى كەگەن. ئىشنى تۈگىتىپ يى دەي شەن فەنجىمنى ئەر دەي شەن فەنجىگە خۇئەنلە قىلاي دىگەنتىدىم. بۇ ئىشنى مۇشۇ پەيسودا بەنلا قىلامدىغاندۇ؟

بۇ شالغۇتلاشقان سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلىنىپىراق سۆز باشلىدىم:

ـ ئاكا، سىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىڭىزگە گۇمانىم يوق ئەمما بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ سىزنىڭ ماڭا ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتامسىز ياكى خەنزۇچە سۆزلەۋاتامسىز، پەرقىنى ئايرىيالماي قالدىم...

ـ ئۇكام ئۆزلە نەدە چوڭ بولغان خو خەنزە؟ دېگىنىچە قاش ـ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئۈستى ـ بېشىمغا ئىنچىكىلەپ قاراشقا باشلىدى.

مەن تەمكىنلىك بىلەن ئاكىمىزنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېدىم:

ـ ئاكا، سىلىنىڭ گەپلىرىنى تازا چۈشىنەلمىدىم، ئەگەر خاتا چۈشەنمىگەن بولسام سىلە ئەسلى مۇنداق دىمەكچىمىدىلە ـ مەن كۆكتاتچىلىق مەھەللىسىدىن ئەتىگەندە ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتتا كۆكتاتلىرىمنى ساتقىلى كەلگەن. ئىشىمنى تۈگىتىپ قايتىشىمدا بىرىنچى ئەۋلاد كىملىكىمنى ئىككىنچى ئەۋلاد كىملىككە ئالماشتۇراي دېگەن ئىدىم. بۇ رەسمىيەتلەرنى مۇشۇ ساقچىخانىدا بېجىرەمدىغانىمىدۇ؟

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپلا ئاكىمىزدىن سورىدىم:

ـ ئاكا مەن سىلىنىڭ گەپلىرىنى توغرا چۈشىنىپتىمەنمۇ ؟

ـ ئۇكام، سىلە مېنى سەھرالىق كۆرۈپ ئەتىگەندىلا شاڭخو قىلاي دەملا؟

مەن ئۆزۈمنى كۈلۈمسىرگەن بىر قىياپەتتە تۇتۇپ جاۋابەن مۇنداق دىدىم:

ياق ئاكا، مېنىڭ سىلىنى مەسخىرە قىلىش نىيىتىم يوق، ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا. مەن سىلىنى ئۇيغۇر دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سىلە بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشنى ئىستىدىم شۇ....

شۇ دەقىقىدە يەنە قانداقتۇر بىر گەپلەرنى قىلاي دەپ ھازىرلىنىۋاتقىنىمدا ئۆچىرەت نۆۋىتى كېلىپ قالغان بۇ ئاكىمىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك، ئۈن ـ تىنسىزلا مېنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالدىراش ئىش بېجىرىش كۆزنىكىگە يۈرۈپ كەتتى...

2012 ـ يىلى، ئىيۇل، ئاقسۇ

# ئۆلۈم

كەتلىن كالدىما (ئېستونىيە)

سەن ئۆلگەندە
مەن بىر كۆچەت تىكىمەن.
بىر كۆچەت تىكىمەن پۇتلىرىڭنىڭ ئالدىغا،
بىر كۆچەت تىكىمەن بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىغا،
تۆت شاخلىق ئالما كۆچىتى ئۇ.
تۆت شاخلىق نەشپۈت كۆچىتىمۇ بار
يەنە بىر قولۇڭدىكى بارماقلار ئارىسىغا.
قىزىل ئېرەن كۆچىتى تىكىمەن بېشىڭنىڭ تۆپىسىگە،
كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ
سېغىنىغاندا
ياتىمەن تۇپرىقىڭ ئۈستىدە،
قىزىل ئېرەن دەرىخى بېشىمنىڭ تۆپىسىدە،
تۆت شاخلىق مېۋە دەرەخلىرى
بارماقلىرىم ئارىسىدا پېتى
يەرۇ ئاسمانغا قۇلاق سالىمەن، دەرەخ بولىمەن.
كۈتىمەن ھەمدە
دەرەخلەر ياپراقلىرىنى ئاستا ماڭا تاشلىغۇچە
خۇددى سەن قىلغاندەك ئاندا ـ ساندا،
ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرەخلەرمۇ
نەشپۈت، ئالمىلىرىنى تاشلار ئۈستۈمگە
خۇددى سەن قىلغاندەك ئاندا ـ ساندا،
ۋە مەن سېنى كۈتىمەن
خۇددى سەن كۈتمىگەندەك ئەسلا.
قارىغىنە
ئاندىن ئۈستىبېشى تاشلانغان دەرەخكە قاراپ
ياش تۆكىمەن
ئازغىنە.

*ئىنگلىزچىدىن خەندان تەرجىمىسى*

# جۇپ ئات

ئابدۇللا توقاي (تاتارىستان)

چاپتۇرۇپ جۇپ ئات، قازانغا[1] تويتوغرا كەتتىم قاراپ.
چاپتۇر، هارۋىكەش ئىنىشگىنى، بىر نوقۇپ، بىر تارتىشلاپ.

كەچ ئىدى، ئاي يالتىرار شاتلىق بىلەن نۇرلار چېچىپ ،
ئەندىككەن سوغۇق شامالدىن ياپراقمۇ تىترەك بېسىپ.

هەر تەرەپ تىنچ، ئاڭلىنار ئەمما ئاۋازلار بىر قايان،
كۆز باغلانغان، ئۇيقۇ هەم هەممىنى باسقان تامام.

بىر ۋاقت ئاچسام كۆزۈم ئالدىمدا يوچۇن بىر دالا،
بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى رەت،ئاه، بۇنداق ئايرىلىش ماڭا!

خوش، ئامان بول، كەچۈر مېنى، ئەي، مېنىڭ ئۆسكەن يېرىم،
مەن قىلارمەن كاتتا ئىش دەپ ئويغا هەم چۆككەن يېرىم.

خوش، ئۆمۈر ئۆتكەن شەهەر، ئەمدى يىراقتا قالدىڭىز،
ئاه، تونۇش يۇرتلار، كۆزۈمدىن سىز تامام يوقالدىڭىز.

ئىچ پۇشار، يۈرەك يانار، هەسرەت ئىچىدە ئويدىمەن،
هەتتا بىرەر دوستمۇ يوق، يالغۇزدۇرمىز ئوي ۋە مەن.

تۇتتىكىن كىمنىڭ ئۇۋالى، بۇ سەپەر تىمتاس، ئۇزاق،
ئېيتىلماس هەم لېۋەنىنىڭ دوپپا ـ ئۈزۈكلىرىگە قوشاق.

هېچبىر نەرسەم يوق كەبى، بىر نەرسە يوق، بىر نەرسە كىم،
هەر نەرسە بار، يوق قېرىنداش، بۇ يەرلەردە مەن يېتىم.

بارچە ياتتۇر بۇ يۇرتتا، مىڭغەلى، بىكموللا كىم؟
بىكمۇهەممەت، بىكتېمىر[2]، بىلەلمىدىم، ئەللەكىم!

ئايرىلىپ سەندىن قېرىنداش، ماكانسىز، مۈشكۈل ياشاش،
بۇ هاياتتۇر بەئەينى قوياشسىز ـ ئايسىز ياشاش.

شۇنداق ئويلار بىلەن تاشتەك قاتتى هەم بۇ باشلىرىم.
بۇلاق كەبى ئىختىيارسىز، ئاقتى، كەتتى ياشلىرىم.

بىر ئاۋاز كەلدى قۇلاققا، ياڭراپ قالدى بىر زامان،
«تۇر، يىگىت، كەلدۇق قازاندا، ئالدىمىزدا شۇ قازان» .

[1] قازان ـ روسىيە فېدىراتسيەسىگە تەۋە تاتارىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پايتەختى
[2] مىڭغەلى، بىكموللا، بىكمۇهەممەت، بىكتېمىر تاتار خەلقىنىڭ زىيالىي ـ ئۆلىمالىرىنى كۆرسىتىدۇ
[3] پۇچماق ـ بۇرجەك، مەهەللە دېگەن مەنىدە
[4] ئۇچماق ـ جەننەت دېگەن مەنىدە

بۇ ئاۋازدىن شاتلىقتا يايراپ كەتتى جان ـ تېنىم ،
هارۋىكەش ، هەيدە قازانغا ، بار كۈچ بىلەن چاپ ئېتىڭ .

سەهەر ئاڭلىنار نامازغا بىر گۈزەل مۇڭلۇق ئەزان ،
ئېھ ، قازان ، دەرتلىك قازان ، مۇڭلۇق قازان ، نۇرلۇق قازان!

مۇشۇ جايدا ئەجدادلىرىم تۆرلىرى ـ پۇچماقلىرى[3] ،
مۇندا هەم دەرتمەن كۆڭۈلنىڭ هۆرلىرى ـ ئۇچماقلىرى[4] .

باردۇر هېكمەت ـ مەرپەت ، ئېرپان چاچار مۇندا نۇر ،
كۆتەر هەم نازۇك بېلىم ، جەننىتىم شۇ جايدا هۆر !

«فىكىر» گېزىتىنىڭ 1907 ـ يىلى 6 ـ مايدىكى سانىغا بېسىلغان .
*ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى فەرۇق تاران (ئامېرىكا)*

## خۇرجۇنۇم

فەرۇق تاران (ئامېرىكا)

ئۇزۇن بىر يول ئېكەن قالدىم هالسىراپ ،
بىلمىدىم قانچىلىك يار بولدى ئامەت .
سەپەر خورجۇنۇمنى تۆكتۈم ئالدىراپ ،
يېنىكلا تۇراتتى ، نە بۇ كارامەت؟

كۆردۈكمۇ هەسەتنىڭ ئارغامچىسى ئۇ ،
قىينىغان بەزىدە ئالغۇزماي تىنىق .
ئەنە ، بىخەستىلىكتە دەسسىگەن تىكەن ،
ئەنە ، ساددىلىقتىن ئۆزۈڭ ئۇسكەن مىخ .

چىلك تۇتقان قولۇڭنى سادىق هەمرايىڭ
هېرىپتۇ ، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ـ سائەت .
ئايرىماي كۈن تۈننى قىلغان ئەمگىكىڭ ،
تەرجىمھال ئۇستىدە ئىككى قۇر پەقەت .

ئاۋايلا ، قولۇڭدا تۇتۇق خىرىتە ،
هاياتنىڭ يوللىرى تۈز ئەمەس ، ئاچا .
پەخىرلىك دەملىرىڭ ئاز ئەمەس ، لېكىن
تۇرمامدۇ پۇشايمان لىق تۇرغان قاچا .

بىر ياندا مارجاندەك چېچىلىپ ياتار ،
ئازاب ۋە خوشلۇقتىن پۇتكەن كۆز يېشى .
تۇرىدۇ ئەقلىنىڭ تارازىسىمۇ ،
ۋىجدان ۋە ئەخلاقنىڭ ئادىل گىر تېشى .

پۇشايمان ئىنسانغا دائىملىق مېھمان ،
هۆل خىشقا دەسسەيمىز بولماي ئېھتىيات .
ئەسلىدە ئالتۇنغا بەرگۈزسىز ساۋاق ،
يېقىلغىنىم ئۈچۈن بولمايمەن ئۇيات .

تۆنۈگۈن بوشۇكتىن باشلانغان هايات ،
ئۈلنار باقىيغا يەنە بىر ئۇچى .
كارۋانلار توختىماس هايات بىر سەپەر ،
مەنمۇ شۇ قاتاردا ئاددىي يولۇچى .
2016 ـ يىلى 29 ـ مارت

# ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە سېلىشتۇرما ماقال ـ تەمسىللەر

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار.
Ağaç ne kadar yüksek olsa da yaprakları yere düşer.

ئاچ نېمىنى يېمەس ، توق نېمىنى دېمەس.
Aç ne yemez, tok ne demez.

ئالدىرىغان يولدا قالار.
Acele yürüyen yolda kalır.

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە.
Kol kırılır, yen içinde kalır.

باشقىغا ئورا كولىغان ئۆزى چۈشەر.
Öküzün yazın harmanda pislediği, kışın saman olarak önüne gelirmiş.

باي كىيسە مۇبارەك بولسۇن، كەمبەغەل كىيسە نەدىن ئالدىڭ.
Hizmetçi kırarsa suç, hanım kırarsa kaza.

بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم.
Adam olacak çocuk bokundan belli olur.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
Bugünkü işini yarına bırakma.

بەش قول تەڭ ئەمەس.
Beş parmağın beşi de bir değil.

تاش چۈشكەن يېرىدە ئېغىر.
Taş, yerinde ağırdır.

جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق.
Paça ıslanmadan balık tutulmaz.

جاپانى چەكمىگەن ئاشىق، ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
Cefayı çekmeyen safanın kadrini bilmez.

جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.
Baş sağ olursa börk çok bulunur.

چاپىقىنى ئالىمەن دەپ جىنتتاق قىلىپتۇ.
Kaş yapacağım derken göz çıkarmış.

چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ .
Eceli gelen it cami duvarına siyer.

چاقىرمىغان يەرگە بارما، چاقىرغان يەردىن قالما.
Çağrılan yere erinme, çağrılmayan yere görünme.

كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولۇر (تاما تاما كۆل بولۇر).
Halk tükürse göl olur.

كىشىنىڭ توخۇسى كىشىگە غازدەك كۆرۈنەر.
Komşunun tavuğu komşuya kaz görünür.

گۈل گۈلى بىلەن ، خىل خىلى بىلەن.
.Kaz kazla, daz dazla, kel tavuk kelhorozla

موزاينىڭ يۈگىرىشى سامانلىققىچە.
Kedinin gideceği samanlığa kadar

ئۆچكىدىمۇ ساقال بار.
Keçide de sakal var.

ئۆچكىگە جان قايغۇ، قاسساپقا مال قايغۇ.
Kasap et derdinde koyun can derdinde.(Keçiye can kaygısı, kasaba yağ kaygısı).

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار.
Can çıkmadan ümit kesilmez. (Çıkmayan candan umut kesilmez).

ئېلىشمىغىچە تېپىشماس.
Çekişmeden pekişilmez.

ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا.
Akıl yaşta değil, baştadır.

ئىت مۈشۈكنى بۇيرىسا، مۈشۈك قۇيرۇقىنى بۇيرۇپتۇ.
İt ite, it de kuyruğuna buyurur.

يالاڭ ئاياق سۇدىن قورقماپتۇ.
Islanmışın yağmurdan pervası yoktur.

يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن.
Ayağını yorganına göre uzat.

قازانغا نېمە سالساڭ، چۆمۈچكىمۇ شۇ چىقىدۇ.
Kazanına ne korsan çömçende o çıkar.

قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا.
Kızım sana söylüyorum, gelinim sen dinle.

ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.
Bugünkü tavuk, yârınki kazdan iyidir.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.
Akıl yaşta değil, baştadır.

*مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگىلىيە) تەييارلىغان*

# شېئىرلار

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)

## مۇھەببەت قەلئەسى

باغلىغان قەلبىمىزنى مەۋھۇم مۇھەببەت،
چارچىغان كۆتۈشلەرگە تويغۇنغان تاقەت.
تۇنجى قېتىمدا بىزنى ئۇچراشتۇرغان يەر ـ
ئاشىقلارنىڭ ئىستانبۇلى ـ سۇلتان ئەخمەت!

ۋىسال تېگى ئاتقان يەر دېڭىزغا تۇتاش،
دېرىزىدە ئاي چىقىشنى كۈتىدۇ قۇياش.
چاناققەلئە شولىسى سۇدا لەيلەيدۇ.
يۇلتۇزلار كېلەر ئۇچۇپ بولۇشقا سىرداش...

بۇ باتۇر شەھەر، قەلئە دېڭىزدا قورغان،
يېڭىلمەس روھلاردىن تاملىرى سوقۇلغان.
مەرمەر دېڭىزنىڭ ئاستى ئۆتچىلەرگە لىق،
ھەر تېشىغا مۇھەببەتتىن پۈتۈك ئويۇلغان !

مەن دېگەنتىم دۇنيا گۈزەل سۆيگۈ بىلەن،
يۈزۈمگە يار ساچىنى شامال ئۇرغاندا.
مۇھەببەت ئىلاھى بىزگە بەخت تىلىگەن،
بىز تۇنەپ شۇ كېچىدە يۇلتۇز سانىغاندا.

دېڭىزغا قوشۇلۇپ رىزقىمىز ئاققاندا،
دان ئىزدەپ چايكىلار بېشىمىزدا ئۇچقاندا.
پىچىرلىغان ئىدىڭ «بىز ئەڭ بەختلىك» دەپ ـ
گۈل چېھرىڭدىن مۇھەببەت نۇرى ياغاندا ...

بۇ قورغاندا ئاشىق يوق ئەسىر بولمىغان،
مۇھەببەتكە مەڭگۈلۈك تەسلىم يازمىغان.
ئايرىلىشنىڭ يول خېتىنى قولىغا ئېلىپ،
بوينىغا ھىجراندىن زەنجىر باغلىمىغان!

سەن بىر گۇۋاھ سۆيگىمىزگە چاناققەلئە،
ياشنىغىن قەلبىمىزدىن ئۇزاقلاپ كەتمە.
تىنچىماس دېڭىز دولقۇنىدەك يۈرىكىمىز ـ
پۈتۈلمەي مۇھەببەتتىن تولۇق ھېكايە!

2013 ـ يىلى، ئاۋغۇست، چاناققەلئە

## ئۆتنە ئالەم

ئۆمرى قىسقا ھاياتنىڭ ئۆتۈۋېرىدۇ،
يىللار ئالدىراش قوغلۇشۇپ كېتىۋېرىدۇ.
سەن توغرا ياكى خاتا ھامىنى بىر كۈن،
ئەل تارازىسى ھەممىگە جاۋاپ بېرىدۇ.

ھەيرانمەن ئارىمىزدىكى ئادەملەردىن،
سۇخەنگە كۆڭلى مەپتۇن نادانلاردىن.
ئېتەلمەس پەرق ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەردىن،
قەلبى نابۇت، روھى قۇل زەئىپلەردىن.

ئىتلار قاۋىغان، قاۋىدى، قاۋاۋېرىدۇ.
يوق پەرۋايىم، يولۇمدا مېڭىۋېرىمەن.
يولۇچى بۈيۈك كارۋانغا قوشۇلغان ـ
بارسا كەلمەس بۇ سەپتە كېتىۋېرىمەن...

بۇ ھايات بىرمۇ ـ بىر، ھەممىنى تاسقايدۇ،
ئەخلەت كىم، دانىسى كىم، قويماي ئىلغايدۇ.
ۋىجدان پاكلىقى ھەممىدىن راھەت دۇنيا ـ
«ئەبگارلار» ھېچ بىر زامان بۇنى بىلمەيدۇ!

قاۋىغىن توختىماي، ئەي كوچا ئىتلىرى،
«بىر ئىت قاۋىسا، مىڭى بىلمەي قاۋايدۇ»!
كەتتىم كارۋان بىلەن ناخشامنى تولۋلاپ...
بۇ «ئۆتنە ئالەم» ، ھەققىم يەردە قالمايدۇ!

2014 ـ يىلى، 9 ـ نويابىر، لوندون

## يەكشەنبە كۈنى

نىزار قەببانىي (سۈرىيە)

نېمە قىلسەن بۇ يەكشەنە كۈنى
بارمۇ ۋاقتىڭ؟
تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاشىقنى،
دېڭىزنى،
قۇملۇقنى،
چىرايلىق سۆزلەرنى بۇ يەكشەنبە.

بارمۇ ۋاقتىڭ؟
كۆممەك ئۈچۈن يۈزۈمنى چاچلىرىڭغا،
كۈن بويى،
بارمۇ ۋاقتىڭ كۈتۈۋېلىشقا مېنى؟
بارمۇ مېنى تىڭشاش ئۈچۈن سەۋرىڭ؟

يۈزۈم خاراپ،
روھىم خاراپ،
ۋە جەسەتسىز بىر باش كەبى بېيرۇت
بېرەلەمسەن ماڭا قوللىرىڭنى؟
ھېس قىلىشىم ئۈچۈن مەڭگۈلۈكنى

بارمۇ ۋاقتىڭ ھىجرانىم ئۈچۈن؟
بېيرۇت قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن
بىر يەكشەنبە كۈنۈم بولمىدى ھېچ!

تۈركچىدىن مۇرات ئورخۇن
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

# بۇ ۋەتەن كىمنىڭ؟

ئورخان شايىق گۆكياي (تۈركىيە)

بۇ ۋەتەن تۇپراقنىڭ قارا باغرىدا
تۇتاشقان تاغلاردەك تۇرغانلارنىڭدۇر.
بىر تارىخ بويىچە ئۇنىڭ ۋەسلىدە
ئۆزىنى تارىختا بەرگەنلەرنىڭدۇر.

تۇتۇشۇپ كۆل بولغان ئوچاقلىرىدىن،
جۇش ئۇرغان دەريانىڭ قايناقلىرىدىن،
پاسىللاردا غازى بايراقلىرىدىن
ماڭلايغا نۇر ئېلىپ سۈرگەنلەرنىڭدۇر.

ئارقىغا قارىماي يوللارغا چىققان،
قىياندەك جۇش ئۇرۇپ، چاقماقتەك چاققان،
پاسىلدىن پاسىلغا يول تېپىپ چاپقان،
جەڭگاھتىن جەڭگاھنى كەزگەنلەرنىڭدۇر.

ئالدىغا ئىلگىرلەپ سەللەردەك گويا،
كۆكسىدىن ئۇرۇلۇپ ئەركەكتەك گويا،
بىر گۈل باغچىسىغا كىرگەندەك گويا
شۇ قارا تۇپراققا كىرگەنلەرنىڭدۇر.

تارىخنىڭ تىلىدىن چۈشمەس بۇ داستان،
دەريالار غازىدۇر، تاغلار قەھرىمان،
ھەر تېشى ياقۇتتەك بولغان بۇ ۋەتەن
جان بەرمەك شەربىتىگە يەتكەنلەرنىڭدۇر.

ئەي گۆكياي، نە يازساڭ زىيادە ئەمەس،
بۇ سۆيگۈ بىر قۇرۇق ئىپادە ئەمەس،
سەن كەبى دۇشمەننى خىيالدا ئەمەس
مىللىتىنىڭ ئاغزىدىن كۆرگەنلەرنىڭدۇر.

تۈركچىدىن ئەفۋان ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

# بىر قارا بوران

ئاتائول بەھرام ئوغلى (تۈركىيە)

قارا بوران ئىدى بىر يۇرتنىڭ ئۈستىدىكى،
قارا بىر ۋىجدان، قاپقارا.
سەلدەك باستى، تائۇندەك؛
ئەقلىگە دۇشمەن، ئايدىڭلىققا دۇشمەن.

قارا بوران ئىدى ياۋۇز، زالىم،
تومۇچۇقنىڭ ئۈنىنى ئۆچۈرگەن تېخى تۇغۇلماستا.
رەسىدە قىزنىڭ بويىغا يېتىش چۈشكە دۇشمەن،
بوۋاق بېقىشىدىكى ھەيرانلىققا دۇشمەن.

قارا بوران ئىدى قارا يۈرەكلىك،
ئۆڭكۈرلەردە كۆچلەنگەن.
شەپەرەڭلەردىن ئىلھام ئالغان.
نەپرەت ـ ئاداۋەت بىلەن بىلەنگەن.

قارا بوران ئىدى ئۆتكەن ھەريەردە،
نىمە جۇشقۇن بولسا زەھەرلەپ،
ئاي شولىسى كەلمىسۇن دەپ،
بۇ يۇرتقا ئىككىنچىلەپ.

قارا بوران ئىدى ھېچنىمە
ئۇنىڭدىن خەتەرلىك بولالمايدىغان،

ئىنسانىنىڭ ئازغۇنلۇقى ئىدى چۈنكى،
ئادەملىك قىياپىتىدە ئادەمگە دۈشمەن.

قارا بوران ئىدى تۇم قارا،
ھاڭدەك ئېچىلغانتى ئاغزى؛
چىقىپ خەلقلەر ئارا
بويۇن ئەگكەن تەقدىرگە.

قارا بوران ئىدى جان ئالغۇچى،
جاللاتلار تەق، قۇشخانىلار، زىندانلار،
پەرمانىدا قارا سېھىر، قارا روھ، خىرە ئادالەت
قولىدا ئۆلۈم تارازىسى، جىنايەت قىلىچى.

قارا بوران ئىدى، چىقىۋاتاتتى،
قاراڭغۇلۇق يېيىپ، يامانلىق ۋە رىيا،
بىر يۇرتنى ئىسكىلىت قوللىرىدا
كۆمۈش ئۈچۈن قايتىلانماس قاراڭغۇلۇققا.

تۈركچىدىن ئەفۋان ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

## ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن

گ.مېند.ئوئويو (موڭغۇلىيە)

يىللار ۋە ۋاقىتنى تاشلاپ،
ئۆزۈم بىلەن تەڭ قۇياش ۋە ئاينى باشلاپ،
ئاقىللاردىن مىراس قالغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بويلاپ.
گاھى ھالقىپ گاھ تۆۋەنلەپ تۆپىلىكلەر، ئېگىز تاغلاردىن،
كېچىپ ئۆتۈپ يۈزلىگەن دەريالاردىن،
يەنە قاچان دىدارلىششنى بىلمىسەممۇ،
ساڭا نىملەرنى دېيىشنى ئويلاپ
ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن.

يوللۇرۇم ئوچۇق شىۋىرغان ۋە ئاتەشلەرگە.
تۆھمەت تۇمانى چۈشسىمۇ ئۇلار ئۈستىگە،
سۆزۈك پىكىرلىرىمنى داغلاردىن ئازاد قىلىپ،
بارچە تۈگۈنلەرنى سۆيگۈم بىلەن يېشىۋاتىمەن.
جاندىن ئۆتكىدەك شامال قامچىلىسىمۇ
تاللىغان يولۇم بويى ئۈزلۈكسىز مېڭىۋاتىمەن،
ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن.

كۆزنىڭ پىغانى ۋە باھارنىڭ يېڭىلانغان ھىدىنى يۇدۇپ،
يېشىمنىڭ ھاياجىنى ۋە قۇياشنىڭ تەپتىنى قولۇمدا تۇتۇپ.
ئۆسۈۋاتقان يوپۇرماقلار بىلەن بىللە ئۆسۈپ، بىللە سولۇشۇپ،
گۈل ـ چېچەككە، مېۋىلەرگە تولغان بىر باغدا

تەشنالىقىم تەڭشىگەن
بىر قەدەھ ھۇزۇرنى تەڭلەپ تۇرغان قولنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتىمەن،
ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن.
سەپىرىمنىڭ بارچە نازۇك خىياللىرىنى،
ھاياتىمنىڭ بارچە شېرىن چاغلىرىنى،
تەرەپ ـ تەرەپتىن بارچە سىرلىرىمنى
روھىمنىڭ ئۆيىگە يىغىۋاتىمەن.
باشلانغۇچسىز، خاتىمىسىز بىر زاماندا ،
چېگرىسىز بىر ماكاندا
ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن.

ئارزۇلىرىمنىڭ پەقەت بىر قىسمىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىپ،
شېئىرىمدا ماڭا ئائىت بولغان ھەر نەرسىنىڭ نىگىزىنى تېپىپ،
قەلبىمدە ئىلھام تارلىرىنى سازلاشنى كۆتۈپ،
ئىگىز تاغلارنىڭ ھاڭلىرىدىن يامىشىپ ئۆتۈپ،
ئۆتۈلمەس يوللارنىڭ كەينىگە كىرىپ،
ئاشىقى بىقارارلىقنىڭ ئەبەدى نەغمىسىنى قىدىرىپ
ساڭا قاراپ كېلىۋاتىمەن.

ئىنگلىزچىدىن زىننۇرە تەرجىمىسى

# ئۆزبېك ماقال ـ تەمسىللەردىن ئارىيەلەر

ئاچ كۆزنىڭ ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماس.
Ochko’zning o’zi to’ysa ham, ko’zi to’ymas.

ئاق كۆڭۈل گۈلىستان، قارا كۆڭۈل زىمىستان.
Ochiq dil – guliston, yopiq dil – zimiston.

ئوچۇق چىراي نېمەتتىن ياخشى.
Ochiq yuz (kular yuz) ne’mattan yaxshi.

ئەدەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەدەپسىزنى كۆرگەندە ئۆگىنىسەن.
Odobning nima ekanini, odobsizni ko’rganda bilasan.

ئادەم بولغان ئادەمنىڭ ئادەم بىلەن ئىشى بار.
ئادەم بولمىغان ئادەمنىڭ ئادەم بىلەن نېمە ئىشى بار؟
Kishi bo’lgan kishining kishi birlan ishi bor,
kishi bo’lmagan kishining kishi birlan ne ishi bor?

ئادەم بولماق ئاستا——ئاستا، هايۋان بولماق بىردەمدىلا.
Odam bo’lmoq asta –asta, hayvon bo’lmoq birpasta.

ئادەمگە تون يارىشار ، ئېشەككە توقۇم.
Odamga – libos, eshakka - to’qim (yaraşar).

ئادەم بار يەرگە ئادەم كېلىدۇ.
Odam bor joyga odam keladi.

ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق.
Oti ulug’, suprasi quruq.

ئادىل كىشى ئايدەك، ئېقىپ تۇرغان سۇدەك.
Odil kishi oyday, oqib turgan soyday.

تورغا چۈشكەن بېلىق قارماقتىن قورقماس.
To’rga tushgan baliq qarmoqdan qo’rqmas.

دەرەخ كەسكەندە، ھەرە بىلەن پالتا دوست بولۇر.
Daraxt kesuvida (kesishda) arra ‒ bolta do’st bo’lur.

دەرەخ ساپ بەرمىسە، پالتا كېسەلمەس.
Daraxt sop bermasa, bolta kesolmas.

ئېغىلدا ئۆكۈزۈم يوق، ئالەمدە ئابرويۇم يوق.
Og’ilda ho’kizim yo’q, elimda (elda) obro’yim yo’q.

ئېغىر تاشنى سۇ ئېقىتماس.
Og’ir toshni suv oqizmas.

ئاغرىغان چىشنىڭ داۋاسى ئامبۇر.
Og’riq tishning davosi ‒ ombir.

بىر ئېغىل ئېشەكتىن، ئورۇق بولسىمۇ ئات ياخشى.
Og’il to’la eshaktan, oriq (ozg’in) bo’lsa ham ot yaxshi.

ئائىلىنىڭ ئىززىتى، ھاياتنىڭ لەززىتى.
Oilaning izzati ‒ hayotning lazzati.

ئاق بەدەن، قارا بەدەن سۇغا كىرگەندە مەلۇم.
Oq badan, qora badan ‒ suvga tushganda ma’lum.

ئاق ئىشتاننىڭ يامىقى، قارا ئىشتانغا ياراشماس.
Oq ishtonnng bolog’i (poychasi) qora ishtonga yarashmas.

مۇرات ئورخۇن تەييارلىغان

# ئەسلەش*

*نەسرىدىن داۋۇت (قىرغىزىستان)*

ئۇ ژىللىرى ئوقۇشنى تاشلاپ، سىياسىي ئۆزگۈرۈشلەرگە بېرىلىپلا كەتكەن ئىدۇق. مۇمكىن، «ئەندىلا ئۇتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كەسپىي بىلىمگە يول ئېلىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىغا دەرسنى ئوقۇتماي، سىياسەن ئۆگۈتۈش نېمىسى» دەرسىز. ياق، سىياسەت دېگەن قوماندان! بايقىماي ئېيتىلغان ھەر بىر سۆز، ھەركەت پىرىنسىپىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئىدىيەگە تاقالغاندا، سىز «كىچىك» دېگەن ئوقۇغۇچىمۇ چوڭلاردىن قالماي، سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ-دە، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ھارغىچە دەرت تېپىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا تىنىپ تۇرالماسلىغىدىنمۇ «ئاغمىخان» ئاتالغاندىن كېيىن ژۈگاچلاپ كەتتىم.

مەكتەپتىن قايتىپلا ئاغزى يېپىق قازاندەك قايناۋاتقان ئىچىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا ژۈگرەيمەن. دەريا بولسا مەھەللىمىزنىڭ ژۇقۇرى تەرىپىدىن ئىلان باغرى ئەگىپ ئۆتىدۇ. تۆرت زىيانداشنى يوقىتىش ژىللىرى قارغا، قۇچاقلارنىڭ ئۇگىسىنى بۇزىمىز دەپ، ئۇنىڭ بويلىرىدىكى ئىپار پۇراقلىق جىگدىلەر، سۇمبۇل چاچلىق تاللار، بۆككىدە توقايلار ۋەيران بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتراپ قاقاسلىققا ئايلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئاندا-ساندا قۇرۇپ قالغان دەل-دەرەخلەر كومۇنىنىڭ داش قازانلىرىنى قايىنىتىش ئۈچۈن ئىشلەندى. پەقەت دولقۇن ژۈيۈپ كېتىلمەي، ئېقىن سۇغا ئۆچى تېگىپ قالغان قىرغاقتىكى چۆپلەرنىڭ نۆۋەت بىلەن ھەركەتلىنىشى دۇتارنىڭ مۇڭى يەتمىگەن غەم-قايغۇلارنى ئىزھار قىلىپ، پەدە بېسىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بۇخچامنى بىر تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلاپ، سىقىم تولغىچە تاش تەردىم ۋە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ غۇلاچ كېرىپ ئاتتىم. ئاتقان تاشلىرىمنىڭ مۇساپىسى بارغانسىرى قىسقارىپ، ئالدىمدىكى ئارال سۈيىگە چولتۇكلاپ چۈشىدە تىنىق سۇ بېتىدە ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك ئىزنا قالدۇردى.

- ۋاي، ئاپا!

قاياقتىنتۇر، تۇيۇقسىز چىققان ئاچچىق ئاۋازدىن تەنلىرىم شۈركىنىپ، تاش ئېتىشتىن توختىدىمدە، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن باقتىم. مېنىڭ ژۇقۇرۇمدىراق، سۇنىڭ ئىچىدە بىر باغلام ئوتۇن كۆتىۋالغان قىز ۋاقىراۋېتىپتۇ. ئەس-ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ئۆزەمنى سۇغا ئاتتىم، ئاندىن:

- چۈشتىن كېيىن سۇنىڭ ئۇلۇغلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەتتىڭىزمۇ؟ - دېدىم. يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن سىنىپدىشىم مەريەمنى تونۇپ. ئۇ ئۈن چىقمىدى، چىرايىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكىنى چىقىپ تۇرسىمۇ، بىر باغلاپ ئوتۇنغا چىڭگىدە ئېسىلىۋاپتۇ. مەن بىر قولۇمدا ئوتۇننى، بىر قولۇمدا مەريەمنى تۇتۇپ، كەينىگە قايتۇرۇپ كەلدىم. بىز دەريا بويىدا ئۆسكەنلىگىمىز ئۈچۈن سۇدا ئۈزۈشكە خېلىلا ئۇستا ئىدۇق. ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ كۈندۈزلىرى جاپالىق كۆرىشىدىن، كېچىلىرى ئۆگىنىشتىن ۋاقتى بولمىغاچقا تەمەش تېرىپ، قىشنىڭ غېمىنى قىلىش بىزگە قالغان.

بۇنىڭ ئۈچۈن قاتمۇ-قات ئاراللاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، دەريا بويىغىچە باراتتۇق. مەن قىزلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراتتىم. سەۋەبى، بىرەر ئوغۇل قىزلار بىلەن سۆزلىشىپ قالسا، بۇنى كۆرگەن باللار زاڭلىق قىلىدىغان، ھەتتا شۇ يەردىلا سەت لەقەملەرنى چىقىرىپ، سىڭدۈرىۋېتىدىغان. بۈگۈن مەريەمنىڭ ھاياتىنى قىل ئۈستىدە كۆرۈپ، رەھىمىم كەلگەنلىكتىن، بۇ مىجەزىمگە ئىتائەت قىلمىدىم. مەريەم بولسا تېخىچىلا بېلىگە ئوراۋالغان كۆينىگىنىڭ ئېتىگىنى يادىدىن چىقىرىپ، كۆز يېشىنى ئېتىۋاتاتتى.

- مەريەم بولۇڭ، سۇ تېخىمۇ ئۇلغۇيىۋاتىدۇ. ئالدىدا سىزنى ئاندىن ئوتۇنلىرىڭىزنى ئۆتكۈزىۋېتەي.

مەريەم شاپ-شاپ قىلىپ، ئېتەكلىرىنى چۈشەردىدە، سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى ژۈگرەپ بېرىپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. شۇ زامان تاپىنىمدىن زىڭىدە قىلىپ كىرگەن ئاغرىق، مېيەمدىن چىقتى. پەۋقۇلادە بىرەر ھادىسە بولسا، ئۆلگىرىشىم ناتايىن... مەنزىلگە

---

* «قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.

يېتىپ، جىنىم ئارال ئالغاندا ،بايقىسام، قاقىرنىڭ بويىنىدەك سوزۇلۇپ كەتكەن بويىنۇم ئوبدانلا تېلىپ قاپتۇ. ئوتتۇننىڭ ئۈستىگىلا چۆكتۈم، مەرييەمنىڭ چىشىغا تېگىپ:

ـ مەرييەم توغاچ ـ مايلىق توغاچ، تالاغا چىقماڭ تىل تېگىدۇ.

قەلەم قاش ـ شۇمبۇل چاچ، ـ دەپ ۋاقىرىغانلىرىم ئىسىمغا چۈشۈپ كەتتى. ئىختىيارسىز ئۇ قاتقا باقتىم. مەرييەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئوتتۇننى سۆرەپ سۇغا چۈشتۈم. سۇ بايىقىدىنمۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇننى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئېقىننىڭ كۈچىنى يېڭىش ماڭا ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى.

ـ غەيرەت، ئوتتۇننى تاشلا!

ئۇ قاتتا تۇرۇپ ۋاقىراۋاتقان مەرييەمنىڭ ئاۋازى غورۇرىمغا مايدەك ئېقىپ چۈشتى، ئەتىمالىم، ۋۇجۇدىمغا پۈتكەن غەيرى تەبئىي كۈچ بىلەن قىپاشلاپ، ئالغا ئىنتىلدىم. مەرييەم قوللىرىنى بولۇشىچە سوزۇپ، ئالدىغا كەلمەكتە. ئۈچىسىدىكى كۆينىگىنىڭ ئېتىكى سۇ بېتىگە لەيلى قازاقتەك يېيىلىپ كېتىپتۇ. بىر يېتىلىشىپ سۇدىن چىقتۇق. مەرييەمنىڭ هازىرلا سىقىپ كىيۋالغان كۆينىكى يەنە تېنىغا چاپلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمنى قاچۇردۇم. مەرييەم سەل تارتىنىپ:

ـ غەيرەت، ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كىيىملىرىڭىزنى تاشلاپ بېرىڭا، غۇچچىدا قۇم بولۇپ كېتىپتۇ، چايقىۋېتەي،ـ دېدى.

مەن مەرييەمنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈردۈم. ئاندىن يالپاق تاش ئۈستىدە سۇغا قاراپ ئولتۇردۇم. بىر دەقىقە ئارىمىزدا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى، كېيىن ئۆزۈم بىرىنچى بولۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدۇم،

ـ مەرييەم، سىز بىلىقلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟ـ دېدىم، ئۇنىڭغا سۈپ ـ سۈزۈك سۇ ئاستىدا پىلدىڭشىپ ژۈرگەن كىچىك بىلىقلارنى كۆرسىتىپ،

ـ ئۇششاق بىلىقلارنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرىمەن .

ـ ئۇنداق بولسا تۇتۇپ بېرەي.

ـ ياق !

ـ نېمىشكە؟

ـ ئۇششاق بىلىقلارغا ئازار بەرگەنلەرنى ئۆلگىدەك يامان كۆرۈمەن.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

ـ چوڭ بېلىقلارنىڭ ئۇششاق بىلىقلارنى يېگىنىنى ئاز دەپ، يەنە ئۇنىڭغا رەهىمسىزلىك قىلىنسا...

ـ ئۇنى سىز نەدىن بىلىسىز؟

ـ ئاپام چوڭ بىلىقلارنى تازىلاۋاتقاندا ئىچىدىن تېخى هەزىم بولمىغان كىچىك بىلىقلار چىققان.

مەن هېچ نېمە دېلەلمەي، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

ـ قۇرۇتلارنىمۇ يامان كۆرۈمەن،ـ دېدى مەرييەم دەرهاللا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،ـ چۈنكى ئۇلار ئالمىنىڭ رەڭگىنى بۇزۇپ، تەمىگە زىيان يەتكۈزىدۇ...

مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم: بۇ قىزنىڭ يامانلىغىنى قاراڭلار، ئادەمنىڭ ئېسىغا كەلمەيدىغان بىر نېمىلەرنى بىلىۋاپتۇ.

ـ غەيرەت، كۈن كەچ كىرىۋاتىدۇ، ماڭايلى، ئاپىلىرىمىز ئەنسىرەيدۇ،ـ دېدى مەرييەم خىيالىمنى بۆلۈپ، مەن گەپ قىلماي ئوتتۇننى كۆتەردىم. مەرييەم ئەگەشتى. كومۇنتا بېغىغا يېقىنلاشقاندا، قەدىمىم ئاستىلىششقا باشلىدى. سەۋەبى، ئۇ يەردىن يولىمىز ئايرىلىدۇ. مېنىڭ بۇ قىزدىن ئايرىلغىم يوق. باغنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئوتتۇننى يەرگە تاشلىدىم. مەرييەممۇ توختىدى. بىز سۈكۈت ئىچىدە مېۋىسى ژىغىلىپ بولغان ئالما دەرەخلىرىگە قاراپ ئولتۇردۇق.

ـ غەيرەت، ئەۋۇ شاختا بىر تال ئالما قاپتۇ،ـ دېدى مەرييەم.

ـ قېنى. قېنى ؟!ـ ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىغى بىلەن ئالمىنى ماڭا كۆرسەتتى.

ـ ئوهۇ، ئۇ بىزگە قاپتۇ.

ـ قويۇڭ ، بالاغا قالىسىز!

ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى كۆرسىتىپ، شاپ ـ شۇپلا قىلىپ، ئېسىلدىمدە، بىر تال ئالمىنى ئېلىپ چۈشتۈم.

ـ قاراڭە، مەي باغلاپ، سۈزۈلۈپ كېتىپتۇ.

ـ قۇرت چۈشمىگەچكە ۋايىغا يەتتىدە.

ـ تەمىنى تېتىپ كۆرۈڭ ، ئەمسە!

ـ ياق، مەن ئالما يېمەيمەن.

ـ ئەجابا.

ـ ئاچچىق.

ـ ئاچچىق دەمسىز!؟ـ ۋارس ـ ۋۇرس قىلىپ ئالمىغا ئېغىز سالدىم. ئالمىنىڭ هەسەلدەك شېرىبەتلىرى جاۋغايلىرىمدىن ئېقىپ كەتتى.

ـ تاتلىقمىكەن؟

ـ تاتلىق بولغاندا قانداق!ـ ئاغزىمنى سۈرتىۋېتىپ، جاۋاب بەردىم.

ـ تاتلىق بولۇش كېرەك.

ـ بايا ئاچچىق، يېمەيمەن، دېدىڭىزغۇ،ـ دېدىم خىجالەت بولۇپ.

ـ مەن سىزنى يېسۇن دېدىم. دادام هەقىقى دوست مەنپىئەت ئۈستىدە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش كېرەك دەيدۇ.

يۈزلىرىمدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك بولدى، زۇۋانىم تۇتۇلغاندەك بولدى.

ـ غەيرەت، سىزگە رەخمەت. ئەگەر سىز بولمىغان

بولسىڭىز، ئارىلىنىڭ سۈيى مېنى ئوتۇنلىرىم بىلەن دەرياغا قېتىۋېتەتتى. شۈڭلاشقا، ئەشۇ ئالما سىزگە تالىق. مەرىيەم ئوتۇننى كۆتۈرۈپ، ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. مەن قارىسى ژۈتكىچە ئۈزىتىپ قالدىم. شۇندىن بېرى ئارىمىز يېقىنلىشىپ، دوستلىقىمىز كۈچىيىشۋەردى.

بىر كۈنى مەكتەپ بويىچە قىزىل ناخشىلارنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق. دالانى ئېگىز پەس ئۇرۇلغان جاڭ بىلەن قىقاس قاپلاپ كەتتى. دېمەك، كىمنىدۇر سازايى قىلىۋاتقىنى ئېنىق. ئادەت بويىچە ئۆگىنىۋاتقان «قىزىل ناخشىلىرىمىز» ژىغىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدۇق. مەندىن بۇرۇنراق توپقا يېتىپ بارغان مەرىيەم:ـ جېنىم دادا ـ دەپ ۋاقىرىماسىمۇ، نەزىرىمدە ئالىم لەرزىگە كەلگەندەك تۇيۇلۇپ، ئاياقلىرىم تىترەپ كەتتى.

قارىسام،«شۇجىلىڭ جۈيى» دېگەن يېزىغى بار ئۇزۇن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، بوينىغا «كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان بۇزغۇنچى» دېگەن تاختىنى سىم بىلەن ئېسىپ قويغان ئادەم مەرىيەمنىڭ دادىسى ئىكەن. ئاكتىپلار: «باش ئەگسۇن، تۇۋا قىلسۇن !» دەپ ۋاقىرىدى. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغىچە ئۇنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتلىك ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، ژۈرىگىمنىڭ ئاچچىق زەراداپ سۇلىرى كۆزۈمگە تەپتى. مەرىيەم:

ـ دادامنى قويىۋېتىڭلار! مېنى ئېتىۋەتساڭلارمۇ مەيلى، دادامنى قويىۋېتىڭلار!ـ دەپ زارلاتتى.

ـ خەلق دۈشمىنىنى دادام دەپ ئاغزىغا پاتۇرۇپ ۋاقىراۋاتقىنىنى قارا ! هوي، كاپىتالىزىمنىڭ كۈچىگى، كۆكەمە، هايۋان!ـ دېدى قولىغا قىزىل لاتا باغلىۋالغان بىرسى. مەرىيەمنى سانىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چۈجىدەك سىلكىنىپ:

ـ رەھىم قىلىڭلار، دادامنىڭ گۇناسى يوق!

ـ بار نېرى ! ...

مەرىيەمنى چالمىدەك پېقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن ئۇ بېرەھىم توك قارغىدەك چاڭىلداپ، توپنى ئېلىپ ماڭدى. مەر يەر بېغىلاپ ياتقان مەرىيەمگە، ئېيتقىسىز بوزەكلىگىمىزدىن مەسخىرىۋازلارنىڭ تۇتقىنى بولۇپ كېتىۋاتقان ئۇنىڭ دادىسىغا قاراپ ئامالسىز تۇرغىنىمدا، ئالمىغا چۈشكەن قۇرۇتلارنى ئەسلەپ ئۇلارغا لەنەتلەر ياغدۇردۇم:

ـ مەرىيەم تۇتۇڭ، كېتەيلى. بۇ يەردىن چاپسانراق كېتىۋالايلىچۇ،ـ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ تۇرغۇزدۇم. چاچلىرى چۇگۇك، ياقلىرى ئايرىق، مەڭزىلىرى ھۆپپىدە ئوت ئېلىپ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتكەن مەرىيەم قوللىرىمغا ئېسىلىپ، ئاياقلىرىنى ئارانلا يۆتكىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىدىغان قورۇقنىڭ ئايىغىغا يەتكەندە، چىپپىدە توختاپ، ئۆزىنى بىر قۇر جۈندەۋالدىدە:

ـ غەيرەت، ئىككىمىز بىللە مېڭىپ، خاتا قىلدۇق. ھەممە گۇنا مەندە،ـ دېدى.

ـ بۇ قانداق گەپ؟

ـ مېنىڭغۇ ئەندى مەكتەپتىن قوغلايدىغىنى ئېنىق. سىزنىڭ «شۇجىلىڭ چۈيى» نىڭ قىزى بىلەن ژۈگىنىڭىزنى كۆرسە نېمە بولىدۇ؟!

ـ يوق گەپنى قويۇڭا! سىزنى تاشلاپ كەتكىدەك كىم ئىكەنمەن؟

مەرىيەم مەيۈس، بىلىنەرـ بىلىنمەن ئىلجىيىش بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. ئاندىن ماڭا قاراپ، يەنە سۆز قاتتى:

ـ سىز دادامنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى يامان ئادەملەر دەپ ئويلىماڭ، ئۇلارنى كۆلەنگۈدەك ئەگەشتۈرۈپ ژۈرگەن سىياسەتنىڭ قوماندان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىڭ.

مەن ئېتىراز بىلەن قول سىلكىپ، چىرايىمنى پۈرۈشتۈردۈم.

ـ ئۇنداق قىلماڭ، غەيرەت، ـ مەرىيەمنىڭ چىرايىدا ئاۋايىلىغان يېرىنى ئۇرۇۋالغاندەك تۇس ئالدى،ـ دادام قەھرىمانلىقنىڭ ئورنى بار. رەھىمسىزدىن شەپقەت كۈتۈپ بولمايدۇ دەيدىغان. مۇمكىن، بىز تېخى چۈشىنىپ يەتمەيدىغان بىر يەرلىرى باردۇ. شۇڭا بايا ئۆزەمنى تۇتىۋالمىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن. دادام بېچارىنى بەكمۇ قىيناۋەتتىم. سىزدىن سورارىم. بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى. ئەگەر مېنى كۆرەشكە سالسا، مەكتەپتىن قوغلانسۇن. دېگەنلەرگە ئەگىشىڭ. بەربىر مېنىڭ ئوقۇشۇمغا ھېچكىم ئارا بولالمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزەمدە چۈشكۈنلۈك پەيدا بولۇپ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى.

ـ مەن سىزنى ئۇنتۇمايمەن، مەرىيەم،ـ دېيەلىدىم ئاران.

غەمكىن كۈدە راست دېگەندەك، نۆۋەتتىكى ئۆگۈنىشتە مەرىيەمنى نەق مەيداندا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى مەكتەپتىن قوغلىۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي، مەرىيەملەرنىڭ ئائىلىسىنى بىر كېچىدىلا تەكلى ماكانغا سۈرگۈن قىلىۋەتكىنى مەھەللىگە پۇر بولۇپ كەتتى. مەن بولسام ئاتا ـ ئانام بىلەن چەت ئەلگە كۆچۈپ كەتتۇق. مانا شۇنىڭدىن بېرى مەرىيەمنى ئەسلەيمەن.

1993 ـ ژىلى، ئىيۇن




قازاقىستاندا ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان «ۋارىس ئەدەبىي ـ ئىجادىيەت بىرلەشمىسى» بىرقىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، نامىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققى قىلدۇرۇش يەنى، ئەدىبىياتىمىزغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ياش ئىجاتكارلارنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قازاقىستان ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرى ئاساسىدا، ئەدەبىيات يولىدا قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ياشلار بىرلىكتە ئىجادىيەتكە باشلىغان ئىدى . كۆپچىلىكنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە يېڭى قان بولۇپ قوشۇلغان «ۋارىس ئەدەبىي ـ ئىجادىيەت بىرلەشمىسى» نىڭ پىرىنسىپلىرى تۈزۈپ چىقىلدى ھەم فېيسبۇك قاتارلىق ئىجتىمائىي تورلاردا «ۋارىس ئەدەبىي ـ ئىجادىيەت بىرلەشمىسى» نىڭ ئەزالىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇلدى. ياش تالانت ئىگىلىرى ئىجادىيىتىنى نامەيەن قىلىپ، خەلقىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئەدەبىي ـ ئىجادىي بىرلەشمىنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جان كۆيەرلىرى ياشلارغا ئاق يول تىلەپ تور بەتلىرىگە ئوي ـ پىكىرلىرىنى يېزىپ رىغبەتلەندۈردى.

بۇ يىل 28 ـ ئىيۇلدا «ۋارىس ئەدەبىي ـ ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نىڭ ئىجادىيەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ. بۇ كېچىلىككە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم، شائىر ـ يازغۇچىلار، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ مۇھەررىرلىرى، مۇخبىرلار، نەشرىياتلارنىڭ رەئىسلىرى، «تەڭرىتاغ»تېلېكانالىنىڭ ۋەكىللىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى، تالانتلىق ناخشىچى ۋە كومپوزىتورلار، جۇمھۇرىيەتلىك، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسلىرى، جەمىيەتلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇ كېچىلىككە بولغان قىزغىنلىق خەلقىمىزنىڭ «ۋارىس»قا ئىشىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ ئىجادىيەت كېچىلىكىدە بىرلەشمە ۋەكىللىرى، ئىجادىيەتچىلەر ۋە مېھمانلار سۆز قىلدى.

"«ئۇيغۇر ئاۋازى»، «ئىنىتىزار»، «ئىجاتكار»،

«ئازىيا بوگون» ، «غۇنچە» ، «ئاخبارات» قاتارلىق گېزىت ۋە ژۇرنالنىڭ ۋەكىللىرى سەھنىدە سۆز قىلىپ "«ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا ئۆز گېزىت - ژۇرناللىرىدىن مەخسۇس بىر بەتنى «ۋارىس» ئىجادىيىتىگە بېغىشلايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

چېلەك تەۋەلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزىنىڭ يېنىغا جايلاشقان مائارىپ كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئارزۇگۈل ئابدىرمووۋا چېلەك تەۋەلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزى رەئىسى مايدىن ئاكا ئابدۇللائېۋنىڭ داغدۇغىلىق كونسېرت ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسىنىڭ پەخرىي پۇخراسى، مىللىتىمىزنىڭ جان كۆيەرى كەرىم ئاكا خۇداييەردىيېۋ ياش ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئىككى كىتاۋىنى نەشىردىن چىقىرىشىغا ياردەملىشىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى.

ئىجادىييەت كېچىلىكىنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمىنى، ئۇيغۇر ناھيەلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى مىرزەخمەت جەمىيېۋ «ۋارىس» ئەزالىرىنى ناھيە خەلقىگە رەسمىي تونۇشتۇرۇش كېچىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر كىتاپىنى نەشىردىن چىقىرىپ بېرىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئالاتائۇ ناھيەلىك ئانىلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئاغچىغان ھەدە ھېيۋا موشۇ قۇرلار مۇئەللىپىنىڭ بىر توپلىمىنىڭ نەشىردىن چىقىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇر مائارىپىنى قوللاش فوندى ياش ئىجاتكارلارنىڭ بىر كىتاۋىنىڭ نەشىردىن چىقىرىشقا ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئېتنومەدەنىيەت مەركىزى «جانان» خانىم - قىزلار كۇلۇبىنىڭ رەئىسى مىزانگۈل ھەدە ئاۋامسالىمووۋا «ۋارىس» ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسىنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ناخشىچى ئارتۇر ئىلاخۇنووۋمۇ ئىزگۈ تىلەكلىرى بىلەن كەلگۈسىدە مەزكۇر «ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى» بىلەن بىرلىكتە كونسېرت ئۇيۇشتۇرۇش خىيالى بار ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

كېچىلىكتە خەلقىمىزنىڭ ياش ناخشىچىسى گۈلسەنەم مەشۈرووۋامۇ قاتناشقان بولۇپ، ياش ئىجاتكارلارغا ئاق يول تىلەپ، ناخشا ئورۇنلاپ بەردى.

ئەلۋەتتە، «ۋارىس» ياش ئىجاتكارلار ئۆمگىنىڭ كۆزلىگىنى پەقەت كىتاپ چىقىرىشلا ئەمەس، بەلكى، ياشلارنىڭ ئانا تىلىغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى زامان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان قىزىقىشىنى ئويغىتىش.

مېھمانلارنىڭ كېچىلىككە قاتنىشىپ بەرگىنىنىڭ ئۆزىلا «ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»گە بولغان بىر قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنىڭ يارقىن ئىپادىسى.



سۈرەتتە: «ۋارىس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىرلەشمىسى»نى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە ياش ئىجادىيەتچىلەرنىڭ يىغىلىش خاتىرىسى.

كىتاب ئۇچۇرى:

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى




ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور دوكتور كەمال ئەرئاسلاننىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» ناملىق كىتاب تۈرك تىلىدا تۈركىيە تىل تەتقىقات ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇشبۇ كىتاب 664 بەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتاب كىرىش سۆز، ئىملا قائىدىسى، فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، پايدىلانغان قولليازمىلارنىڭ ئىندېكسلىرى، بۇددىزم ۋە مانىخېيىزم ئاتالغۇلىرى، گرامماتىكا ئاتالغۇلىرى قاتارلىق بۆلۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كىتابتىكى گرامماتىكىلىق قائىدىلەرگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېكىستلەر مىسال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىسى سىستېمىلىق ھالدا قېلىپلاشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب تۈركولوگىيە ساھەسىدە ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان نوپۇزلۇق گرامماتىكا كىتابلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

پروفېسسور دوكتور كەمال ئەرئاسلان ئەپەندى داڭلىق تۈركولوگ رىشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە چاغاتاي تىلى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان تونۇلغان تۈركولوگدۇر.

ئۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر تۈركچىسى تۈنجى بولۇپ شەھەر ھاياتىغا ئۆتكەن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان شەھەر كۇلتۇرىنى، يۇقىرى سەنئەت قابىلىيىتىنى ۋە ئۆز كەشپىياتى بولغان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان بىر تىل ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ كۆپ قىسمى ھازىر بېرلىن براندېنبۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان مول قولليازمىلار سۆز بايلىقى ۋە بۇددىزم، مانىخېيىزم ئاتالغۇلىرى تەتقىقاتى جەھەتتىن تولىمۇ مۇھىم ۋە قىممەتلىك»

# بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) تەييارلىغان

**ئاقلانە** [رەۋىش]، [ئەرەپچە+پارىسچە]، ئەقىل ئىشلەتكەن ھالدا، ئەقىللىق كىشىلەرگە ئوخشاش، ئەقىل بىلەن: *ئاقلانە ئىش قىلماق. ئاقلانە مەسلىھەت.*

**بوغۇناق** [ئىسىم]، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ: *ئۇلار شۇ سۆز ئۈستىدە تۇرغان چاغدا، كۆكنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت بۇلۇتتەك بوغۇناق قاپلاپتۇ.*

**پەخەس** [رەۋىش] [پارىسچە] ھوشيار، دىققەت، ئاگاھ: *پەخەس بولماق.*

**توختاۋسىز** [رەۋىش] توختىماستىن، ئۈزلۈكسىز: *ئۇنىڭ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزىدىن توختاۋسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.*

**تۇمانلىق** ①[سۈپەت]تۇمانى بار، تۇمان بىلەن قاپلانغان: *تۇمانلىق ھاۋا ۋە بىپىشقاق پاتقاقلار كىشىلەر كۆڭلىنى بىزار قىلىدۇ.* ②[سۈپەت] [كۆچمە]. زۇلمەتلىك، ئېچىنىشلىق: *ئۇ بېشىنى ئېتىقانچە كۆزىنى بىر توچكىغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتمۈشىنىڭ تۇمانلىق، چىگىش كارتىنىسى ئەكس ئېتەتتى.* ③[سۈپەت] [كۆچمە]. غۇۋا، تۇتۇق، ئېنىق ئەمەس: *ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ بېشى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ تاماكا ئىسىدەك تۇمانلىق ئىدى.* ④ [ئىسىم] [ئاسترونومىيە] تۇمانغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بىر خىل ئاسمان جىسمى. سامانيولى سىستېمىسى ئىچىدىكىسى گالاكتىكا ئىچىدىكى تۇمانلىق، سىرتىدىكىسى بولسا گالاكتىكا سىرتىدىكى تۇمانلىق ياكى گالاكتىكا سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**جىلغا** [ئىسىم] تاغلار، ئېگىزلىكلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئارىلىقىدىكى ساي.

**چەۋرە** [ئىسىم] ئەۋرىنىڭ پەرزەنتى.

**خامۇش** [سۈپەت] [پارىسچە] ①شۈك، جىم بولۇپ قالغان؛ جىم، كەم سۆز: *خامۇش ئادەم، ئالماس ئاكا خامۇش كۆزىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئۇن ـ تىنسىز ياتاتتى.* ② غەم ـ غۇسسىگە پاتقان، غەمكىن، ئويچان، چۈشكۈن؛ سولغۇن: *دوختۇرخانا يېنىدىكى كوچىدا ياسىن خامۇش ھالدا كېتىۋېتىپ، بىردىنلا قادىرنى كۆرۈپ قالدى.*

**داغI** [ئىسىم] [پارىسچە] ①نەرسىلەرنىڭ يۈزىدە باشقا رەڭدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە جاي: *قۇياش دېغى.* ②نەرسىلەرنىڭ باشقا ماددىلار تېگىپ بۇلغانغان جايى: *ياش دېغى. قولىمىز ئاھۇزار ئىچىدىكى خەلقنىڭ قېنىغا مىلەنگەن، بىزنىڭ يەۋاتقان، كىيىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇ قاننىڭ داغلىرى بار.* ③يارا ئىزى، جاراھەت ئىزى: *ئايشەمنىڭ يارىسى پۈتۈنلەي ساقايدى. پەقەت پېشانىسىنىڭ سول تەرىپىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس داغ پەيدا بولدى.* ④ [كۆچمە] ئەيىب، نۇقسان، گۇناھ : *ئۆزىدە قىلچە داغ يوق دەپ قارايدىغانلار، ئەمەلىيەتتە، ئەڭ پاسكىنا ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن.* ⑤[كۆچمە]ئۆتمۈشكە مەنسۇپ ئىللەتلەرنىڭ رىياللىقتىكى قالدۇقى: *كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرى.* ⑥[كۆچمە] كىشىنى نومۇس ـ بەتنامغا قويىدىغان، نامىنى بۇلغايدىغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆز: *نومۇس دېغى : ياخشىدىن باغ قالىدۇ، ياماندىن داغ قالىدۇ (ماقال).* ⑦[كۆچمە] ئېغىر مۇسىبەت، قايغۇ ـ كۈلپەت، جۇدالىق ـ ھىجران، ئىشق ـ مۇھەببەتتىن كۆڭۈلدە قالغان دەرد ـ ئەلەم ؛ ھەسرەت: *سىزنىڭ چەكسىز بەختكە تەلپۈنگەن قەلبىڭىزدە ئارمان ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس دېغىلا قالىدۇ.*

**داغII** [سۈپەت] [پارىسچە] قايىنىتىلغان، قاتتىق قىزدۇرۇلغان: *ياخشىغا ياغ، يامانغا داغ (ماقال)؛ قازاندىكى مايىنى داغ قىلىپ قويىدۇم.*

**دەشت** [ئىسىم] [پارىسچە] ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن، سۇسىز، قاقاس يەر؛ چۆل: *مەختۇمسۇلا شۇ يۈرگىنىچە*

دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ.

**ژۇتداش ـ يۇرتداش** [ئىسىم] ① بىر يۇرتتا بىللە ياشاۋاتقان ئادەم (بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن)، بىر يۇرتلۇق: بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈكى قازاق بولۇپ، غۇلجا تېكەسلىك ئىكەن، ئۇنىڭ كازىم بىلەن يۇرتداش چىققىنى تازىمۇ ياخشى بولدى. ② ۋەتەنداش.

**سايىاق** [سۈپەت] ① ھەر يەردە ئۆز بېشىمچە يۈرىدىغان، ئىگە ـ چاقىسىز، سەرگەردان: سايىاق بالا. سايىاق يىگىت. سايىاق يۈرگەن تايىاق يەر (ماقال). ② توپقا قوشۇلماي يۈرىدىغان، بىباش: سايىاق كالا.

**سولغۇنلۇق** [ئىسىم] سولغۇن ھالەت، سولغۇن كەيپىيات: ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سولغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

**سىرغىماق** [پېئىل] ① ناھايىتى ئاز مىقداردا ئاستا ـ ئاستا سارقىماق، سارقىپ ئاقماق: زەيتۇنەمنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن چىققان ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىدى. ②سىيرىلماق: تۇتتى قىزنى نەچچە، تۇتتىيۇ ئەمما، قوللىرىدىن ئاجرار ئىدى سىرغىپ بېلىقتەك.

**سەللىمازا** [رەۋىش] [ئەرەپچە ] ئۇزۇل ـ كېسىل، پۈتۈنلەي، تولۇق (كېسەل كىشى ھەققىدە): سەللىمازا ساقايماق.

**سەنتۈرۈلمەك** [پېئىل] تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، خۇددى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ماڭماق، مۇدۇرۇلمەك: كامىل گويا كېسەل كىشىدەك سەنتۈرۈلۈپ ئىلىپفون تۇرۇپكىسىنى ئالدى.

**شاڭخو** [ئىسىم] [خەنزۇچە] مەسخىرە، مازاق ؛ چاقچاق : شاڭخو قىلماق.

**كانىكول** [ئىسىم] [رۇسچە] ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشنى توختىتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاقىت: كانىكول قىلماق. يازلىق كانىكول.

**كۈلپەت** [ئىسىم] [ئەرەپچە] ئېغىر قىيىنچىلىق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەم: كۈلپەت چەكمەك. كۈلپەت چۈشمەك. كۈلپەت سالماق؛ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن ئىچىم ئېچىشتى.

**كەشتە** [ئىسىم] [پارىسچە] رەختنىڭ يۈزىگە يىڭنە بىلەن تىكىپ چۈشۈرۈلگەن گۈل، تۈرلۈك رەسىم، ھەر خىل سىزىقچە ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: پاتىمە كەرگىگە يېيىلغان لاتىغا ئېگىشىپ كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى.

**گىرىمسەن** [ئىسىم] ①ياز كۈنلىرى كەڭ دالىدىكى ئىسسىق ھاۋانىڭ يىراقتىن سۇ ياكى شامالدەك، خىرە، غۇۋا كۆرۈنۈشى؛ سەراپ، ئىزىتقۇ: يېڭىدىن ئېگىزگە ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ. ②[رەۋىش] خىرە، غۇۋا، تۇتۇق: گىرىمسەن يورۇماق.

**لەھزە** [ئىسىم] [پارىسچە] كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتىدىغان ۋاقىت، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت: مۇئەللىم ئاستىلاپ توختىدى سۆزدىن، بىر لەھزە ئارىغا چۆكتى سۇكۇنات. چۈشەندىم، ئۆمۈرگە مېھمان ئەمەس بىز، كۈرەشنىڭ سەھنىسى ئىكەن بۇ ھايات!

**مەشرىق** [ئىسىم] [ئەرەپچە] [يېزىق تىلى]. شەرق، كۈن چىقىش: مەشرىقتىن مەغرىبقىچە.

**مەغرىب** [ئىسىم] [ئەرەپچە] [يېزىق تىلى] غەرب، كۈنپېتىش، كۈن ئولتۇرۇش: ـ ئۇنىڭ نىيرىسىغا ئاللا كېرەم بار، خۇدا ئاسانلىق بەرسە مەغرىب تەرەپنى پاناھ قىلارمەن، ـ دېدى ئۇ.

**مەنتىق** [ئىسىم] [ئەرەپچە] ①ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تەرەققىياتى ياكى تەپەككۇرنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى، يەنى گەپ ـ سۆز، پىكىر، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى: تۇرمۇش مەنتىقى؛ بۇ پىكىر مەنتىققە سىغمايدۇ. ② تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى: ـ ئاكىسى گۇناھكار بولسا سىڭلىسىمۇ گۇناھكار بولىدۇ، دېگەن مەنتىقنى ئۆمرۈمدە مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن! ③ تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛ لوگىكا: داۋۇت ئەنتاكىي ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرنى خىمىيە، ئاسترونومىيە، قانۇن، مەنتىق قاتارلىق بىرنەچچە قىسىم ۋە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىنى بەلگىلىگەن.

**مەنتىقىي** [سۈپەت] [ئەرەپچە] ①مەنتىققە ئائىت: مەنتىقىي فورمۇلا. ② مەنتىققە ئاساسلانغان؛ مەنتىقلىق : ئادالەت «ئاتامنىڭ يوقىرىقى ھۆكۈمى مەنتىقىي خۇلاسىگە توغرا كەلمەسلىكى مۇمكىن، بۇنى مەن ئۆزۈم تەكشۈرۈپ سىناپ كۆرۈشۈم لازىم ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى.

**مەھلىيا** [سۈپەت] [پارىسچە] ئادەم ياكى بىرەر نەرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان؛ چىن دىلىدىن كۆيگەن: مەھلىيا بولماق. مەھلىيا قىلماق.

**ناتىق** [ئىسىم] [ئەرەپچە] سۆزمەن، نۇتۇق سۆزلەش

ئىقتىدارى يۇقىرى، گەپكە ئۇستا، گەپدان: *ئۇ ناھايىتى پائالىيەتچان، ھارماس ھەممە ناھايىتى ناتىق ئادەم ئىدى.*

**ئۆلجا** [ئىسىم] ①ئۇرۇش ـ جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تارتىۋېلىنغان، غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە: *ئۆلجا ئالماق.* ②شىكار، ئوۋغا چىققاندا ئوۋلىغان نەرسە، ئوۋ.

**ۋاقىئە ـ ۋەقە** [ئىسىم] [ئەرەبچە] ①تارىختا ياكى جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە، ئىش: *شاھزادا بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا دەپ بېرىپتۇ.* ②تاسادىپىي يۈز بەرگەن ھادىسە، كېلىشمەسلىك: *كوچىدا قانناش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ.*

**ۋەھىملىك** [سۈپەت] ۋەھىمە باسقان، ۋەھىمە قاپلىغان؛ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق: *كاللامدا ھەر خىل ۋەھىملىك پىكىرلەر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.*

**ئىبدىت** [ئىسىم] [ئەرەبچە] ھېساب، سان: *ھازىر بوزلۇق ئىچىدە ئوسا قىلىنىۋاتقان يەرنىڭ ئىبدىتى يوق.*

**ئىبدىتلىق** [سۈپەت] سان ـ سانىقى ئېلىنغان، ھېساب ـ كىتاب قىلىنغان: *ئىبدىتلىق ئىش بۇزۇلماس (ماقال).*

**ئىبرىيان** [ئىسىم] [ئەرەبچە] [ئېبرىق تىلى]. كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىلغان تەلىم ـ تەربىيە؛ مەرىپەت، مائارىپ: *ئىلىم ـ بىلىم مەنبەسى نۇرى ئىبرىياندۇر كىتاب، تېخنىكىسىنىڭ خەزىنىسى كەڭرى ئىمكاندۇر كىتاب.*

**ئىستىبالچى** [ئىسىم] ئىستىبال قىلغۇچى، ئىشلەتكۈچى، پايدىلانغۇچى؛ سېتىۋالغۇچى، خېرىدار: *ئىستىبالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتماق.*

**ئىنتىلمەك** [پېئىل] بىرەر نەرسىگە، بىرەر كىمگە ۋە ياكى بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ قىزىقماق، تەلمۈرمەك: *دەرسكە ئىنتىلمەك. كېلەچەككە ئىنتىلمەك.*

**يالتىرىماق** [پېئىل] پارقىرىماق، چاقنىماق: *ياسىنىنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭ، ئەگكۈشتەردىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ بىر نۇر چاقناپتۇ ـ دە، پۈتۈن ئەتراپ نۇر بىلەن يورۇغاندەك يالتىراپ كېتىپتۇ.*

**ياقلىماق** [پېئىل] ①تەرىپىنى ئالماق، قۇۋۋەتلىمەك، قوللىماق، ھىمايە قىلماق: *بەزىلەر ئىلگىرى قۇلدارلارنى قانداق چىڭ تۇرۇپ ياقلىغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق ئەشەددىي ئەزگۈچى زېمىندارلارنى، پۇلدار بايلارنى شۇنداق ياقلىماقتا.*

② ئىلمىي ئىشتا بىرەر تېما ياكى كۆزقاراشنى تولۇق دەلىللەپ، شەرھلەپ چىقماق، ئۇنىڭ شۇنداقلىقىنى ئىسپاتلىماق: *دىسسېرتاتسىيە ياقلىماق.* ③ تەرەپكە بۆلۈنمەك: *ـ ئۇنداق گۇمانلىق ئادەمنىڭ زادى ئىزنىنى يوقاتماسلىق كېرەك، تېز بارغىن، ھەلەكنى تېپىپ ئىككى ياقلاپ ئىزدەڭلار، ـ دېدى تىلەك جۇمەگە.*

**يىگانە** [سۈپەت] [پارىسچە] تەنھا، يالغۇز، مۇڭداشقۇدەك ياكى ھەمكارلاشقۇدەك ھېچكىم، ھېچنېمىسى يوق، بىر: *ئۇ يىگانە ئۆزى بىمارغا قاراپ ئولتۇراتتى.* ② مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە، ھېچكىم ياكى ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىغان، ھەممىدىن ئېسىل دەرىجىدە، بىرلا: *شاھنىڭ بىرلا ئارزۇلۇق قىزى بار ئىكەن، ھۆسن ـ جامالدا يىگانە ئىكەن.*

**قايماقI** [ئىسىم] تىندۇرۇلغان ياكى قاينىتىلغان سۈت يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان ۋە تەركىبىدە ماي بولىدىغان نېپىز قەۋەت.

**قايماقII** [پېئىل] ①قىڭغىر، ئەگرى بولۇپ قالماق؛ ئېگىلمەك: *تاختاي ئاپتاپتا تۇرۇپ قىيىپ قېلىپتۇ.* ② مەلۇم بىر تۈز سىزىق، يۆنىلىشتىن بىر تەرىپىگە چەتلىمەك، كەينىگە يانماق: *ئېقىۋاتقان سۇنى قايدۇرۇپ ئالماق.*

**قىيان** [ئىسىم] ‹سۇ› قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈچلۈك لاتقا ئارىلاش سۇ ئېقىمى.

**ھېرىس** [سۈپەت] [ئەرەبچە] بىرنەرسىگە ئىشتىياق باغلىغان، كۆڭۈل قويغان، ئىشقىۋاز، ئامراق: *ئۇ باغۋەنچىلىككە ھېرىس ۋە گۈلخۇمار ئادەم ئىدى.*

**ھېكمەت** [ئىسىم] [ئەرەبچە] ①ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل ـ ئىدراك: *ۋەتەن ئىشقى بولۇپ دەرمان ئىلىم ـ پەندىن گۆھەر تاپتى، دىلىمغا سالدى ئۇستازىم ئۆمۈر مەناسى ھېكمەتنى.* ②بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن، چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر؛ مۆجىزە: *ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتابلاردا، بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن ھېكمەت بار. شۇ ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىمىز.* ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئەۋرە** [ئىسىم] نەۋرىنىڭ بالىسى: *بۇ بالا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەۋرىسى بولىدۇ.*



مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنى قازاقىستانلىق ئۇيغۇر رەسسام ۋېنىرا ۋاجىتوۋا سىزغان

ئەسكەرتىش: قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىملاسىغا شۇ رايوندا قوبۇل قىلىنغان ئىملا قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا بېرىلدى.